دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

# فرانسىيىنىڭ غۇرۇرى

# دى گول



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

مەشھۇر دىپلومات — كىسسىنگېر 8 يۈەن
ئەدەبىيات پېشۋاسى — ھېمىڭۋاي 8 يۈەن
داڭدار پەيلاسوپ — نىچشې 8 يۈەن
ئەنگلىيىنىڭ پەخرى — چېرچىل 8 يۈەن
فرانسىيىنىڭ غۇرۇرى — دې گول 8 يۈەن
گېزىتچىلىك خاقانى — پۇلىتسېر 8 يۈەن
ئىگىلىك باشقۇرۇش پىرى — ياكوكا 8 يۈەن
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى — گورباچېوف 8 يۈەن
ھىندىستانلىقلارنىڭ داھىيسى — گەندى 8 يۈەن
تالانتلىق ئالەم مۇتەخەسسىسى — فون بلاۋئېر 8 يۈەن

ISBN 978-7-228-05586-9
9 787228 055869 >
定价 ： 80.00 元

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

# فرانسىيىنىڭ غۇرۇرى

# دې گول

ئاپتورى : سى يەن

تەرجىمە قىلغۇچى : ئارمان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

法国的尊严 / 戴高乐：维吾尔文/司砚编著；阿尔曼译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.3 （2009.4 重印）
（世纪人物传记故事丛书·第2集/刘俊峰主编）
ISBN 978-7-228-05586-9

Ⅰ.法… Ⅱ.①司… ②阿… ③戴… Ⅲ.福… 生平事迹 - 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I25

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第76828号

责任编辑 艾克巴尔·艾力
责任校对 阿孜古丽、米丽古丽
特约校对 外里·在丁
封面设计 祖力喀尔装帧
出版发行 新疆人民出版社
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编 830001
电　　话 0991-2827472
印　　刷 乌鲁木齐八家户彩印有限公司
经　　销 各地新华书店
开　　本 880×1230毫米 32开本
印　　张 4.75
版　　次 2000年3月第1版
印　　次 2009年4月第2次印刷
印　　数 4001 - 7000
总 定 价 80.00 元
单　　价 8.00 元

بۇ كىتاب بېيجىڭ كۇتۇپخانا نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京图书馆出版社1997年1月第1版，1997年1月第1次印刷本翻译出版。

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر ـــ 2

## فرانسىيىنىڭ غۇرۇرى ـــ دې گول

**ئاپتورى:** سى يەن
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئارمان
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەكبەر ئەلى
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئارزىگۈل كېرەم، مېھرىگۈل مۇھەممەد
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدىن
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** زۇلقەر لايىھىچىلىكى
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**تېلېفون:** 0991 ـ 2827472
**باسقۇچى:** ئۈرۈمچى باجىياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلار
**فورماتى:** 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 4.75
**نەشرى:** 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 4001 – 7000
**كىتاب** نومۇرى: ISBN 978 – 7 – 228 – 05586 – 9
**ئومۇمىي باھاسى:** 80.00 يۈەن
**يەككە باھاسى:** 8.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتابلىرى پىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىم ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

دې گول ناپولېئوندىن كېيىن ئۆتكەن فرانسىيە تارىخىدىكى يەنە بىر مۇھىم شەخس.

ئۇ ئۆمرىدە ئاۋۋال ھەربىي بولۇپ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا ۋە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۇرۇشقا قاتناشقان. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا فرانسىيە ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان جىددىي پەيتتە، ئۇ ئەنگلىيىگە بېرىپ مەشھۇر «18 ـ ئىيۇن» خىتابنامىسىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق فرانسىيە خەلقىنى قوزغىلىپ داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا چاقىرىپ، بارلىق تىز پۈكمەس فرانسىيە خەلقىنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرغان. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە فرانسىيە خەلقى فاشىست گېرمانىيىسىنى ئاخىر قوغلاپ چىقىرىپ، ئازاد يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەن.

ئۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىللىق سىياسىي ھاياتىدا نەچچە يىقىلىپ، نەچچە قوپتى، لېكىن ئۆز تەشەببۇسلىرىدا ئىزچىل تۇردە قەيسەرلىك بىلەن چىڭ تۇردى. زۇڭتۇڭ بولغان مەزگىلدە مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ زوراۋانلىق سىياسىتىگە قارشى تۇردى. ئۇرۇشتىن كېيىن مۇستەملىكە ئەللەردە مۇستەقىللىق دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندە، دې گول دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئالجىرىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قەتئىي قوللىدى، شۇ ئارقىلىق مۇستەملىكىلەرنى مۇستەملىكىسىزلەندۈرۈش مەسىلىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىنغان، بۇ ئۇنىڭ تارىخ ئېقىمىغا ئەگىشىشتىكى ئۇلۇغ ھەرىكىتى.

1970 ـ يىلى 9 ـ نويابىردا دې گول ۋاپات بولغان. 11 ـ

نويابىردا رەئىس ماۋزېدۇڭ دې گولنىڭ رەپىقىسىگە تەزىيە تېلېگراممىسى يوللاپ، دې گولنى «فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇش ۋە فرانسىيەنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قوغداشتىكى تىز پۈكمەس جەڭچى» دەپ تەرىپلىگەن. فرانسىيە خەلقىمۇ «گېنېرال دې گول دۇنيادا فرانسىيەنىڭ يۈكسەك ئوبرازىنى تىكلىدى. ئۇ ۋاپات بولۇپ 20 يىلدىن كېيىنمۇ يەنىلا فرانسىيە خەلقىنىڭ قەلبىدە ياشىماقتا. فرانسىيىگە ئوخشاش خىلمۇ خىل پىكىرلىك دۆلەتتە دې گول جامائەتچىلىك تەرىپىدىن فرانسىيەنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ مىللىي قەھرىمانى» دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتابلار ئۈستىلى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدى ئادرېسى

## مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ئۆسمۈرلۈك چاغلار ........................1
ئىككىنچى باب ھەربىيلىكتە ..............................8
ئۈچىنچى باب پىشىپ يېتىلىش ..........................18
تۆتىنچى باب فرانسىيىگە كەلگەن ئاپەت ...............28
بەشىنچى باب فرانسىيىنىڭ ئىلتىجاسى .................36
ئالتىنچى باب فرانسىيە ئۈچۈن جەڭ قىلىش ..........47
يەتتىنچى باب داھىيلىق ئورۇن ..........................58
سەككىزىنچى باب غەلىبە يولى ...............................70
توققۇزىنچى باب فرانسىيىنى قايتا گۈللەندۈرۈش .........87
ئونىنچى باب تەركىدۇنيالىق ..............................97
ئون بىرىنچى باب قايتا باش كۆتۈرۈش ..................106
ئون ئىككىنچى باب غەربكە پاتقان قۇياش ..................125
ئون ئۈچىنچى باب مەشھۇر شەخس، ھەربىي، يازغۇچى ....136
دې گول يىلنامىسى ....................146

# بىرىنچى باب ئۆسمۈرلۈك چاغلار

شارل دې گول 1890 ـ يىلى فرانسىيىنىڭ شىمالىدا تۆۋەن قاتلام ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىگە تەۋە ھاللىق شەھەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. بۇ ئۆز ئىشلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان، دۆلەتكە سادىق خىزمەت قىلىدىغان ئەنئەنىگە ئىگە ئائىلە ئىدى. بۇ ئېسىل پەزىلەت دې گولنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن مومىسى ئەدىب، تاغىسى ئالىم، دې گول جەمەتىنىڭ تارىخىنى ۋاراقلىساق، ئۇلار بۇرۇن فلاندېر، شامپانى ۋە بۇلگانى قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. 18 ـ ئەسىردە بۇ جەمەتتىن بەزىلەر ئەنگلىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشقا قاتناشقان. 15 ـ ئەسىردە ئۇلاردىن بىرى پارىژ پارلامېنتىنىڭ تەپتىشلىكىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان.

دې گولنىڭ بوۋىسى جۇلىيان فىلىپ دې گول تارىخ تەتقىقاتچىسى بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر يادنامىلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇغان، پارىژ چېركاۋىغا ئائىت ئابىدىلەرنى توپلاپ تەرجىمە قىلىپ رەتلەپ، 1839 ـ يىلى «پارىژ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنىڭ يېڭى تارىخى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، دې گول جەمەتىنىڭ تەپسىلىي تارىخىنى يازغان بولسىمۇ، ئېلان قىلىنمىغان. 1835 ـ يىلى جۇلىيان فىلىپ دې گول رېزفېنا ئاننا مالى مايوئۇ بىلەن توي قىلغان.

رېزفېنا لىل شەھىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنكىركتا بىر تاماكا زاۋۇتى بار ئىدى. لېكىن، بۇ ئايال — گېنېرال دې گولنىڭ مومىسى ئەينى چاغلاردا ئەدەبىيات ساھەسىدە تونۇلغان ئايال ئىدى. ئۇ «ئائىلە خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل

www.uyghurkitap.com

مۇھەررىرى ئىدى. ئۇ، بۇ ژۇرنالدا ئىنقىلابىي سوتسىيالىزمچى ژول ۋاللېسنىڭ بىر قىسىم ماقالىلىرىنى دادىل ئېلان قىلغان. سوتسىيالىزمچى پەيلاسوپ پرۇدوننى ماقالە يېزىپ قىزغىن تەرىپلىگەن. ئۇ ھەم ئوت يۈرەك يازغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ داڭلىق ھېكايىسى «ئادېمار دېبېلكاستو» ناملىق رومانى ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن كىشىلەرنى جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە شادۇبىرئوننىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىرلاندىيىنى ئازاد قىلغۇچى ئوكوننېلدىن ئىبارەت ئىككى پارچە بىئوگرافىك ئەسەر ئۇنىڭ نەۋرىسى شارل دې گولنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. دې گول كېيىن شادۇبىرئوننى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالدى. ئوكوننېل ھەققىدىكى بىئوگرافىك ئەسەردە شەرھلەنگەن ئاساسىي ئىپىسمۇ دې گولنىڭ پائالىيەتلىرىگە بىر ئۆمۈر ئۆرنەك بولدى.

بۇ ئەر - خوتۇن ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. چوڭ ئوغلى شارل تۇغۇلۇشىدىنلا ئاغرىقچان بولسىمۇ، ئۆمۈر بويى كائىپتلار مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئىزچىل شۇغۇللاندى. ئۇ ۋېلش تىلى ۋە برېتون تىلىنى ئۆگەندى ھەمدە برېتون تىلىدا بىر قىسىم شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى باز دې گول بولۇپ، برېتون تىلىدا «خۇشخۇي شائىر دې گول» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ 19 - ئەسىردىكى كائىپتلار توغرىسىدا كىتابمۇ يازغانىدى.

ئوتتۇرانچى ئوغۇل ژول فرانسىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ھاشاراتشۇناس ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە فرانسىيىدىكى 5000 خىلدىن ئارتۇق ھەسەل ھەرىسى ۋە سېرىق ھەرىنى تۈرگە ئايرىپ چىققان. فرانسىيە تەبىئەت مۇزېيىدا ئۇنىڭ سۈرىتى ھازىرغا قەدەر ساقلانماقتا.

1848 - يىلى كەنجى ئوغۇل ھېنرى تۇغۇلدى. مانا بۇ دې گولنىڭ دادىسى ئىدى. ئۇ 1876 - يىلى نەۋرە سىڭلىسى راننا مايۇئو — دېلانوۋا بىلەن يۇرتى لىللىدا توي قىلدى. راننانىڭ

ئىككى ئاچىسى موناخ بولۇپ، ئۆزىمۇ دىنغا تەقۋادارلىق بىلەن ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇنىڭ يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىچىدە ئېرلاندىيىلىكمۇ، شوتلاندىيىلىكمۇ بار ئىدى. ھېنرى دې گول بويى ئېگىز، كېلىشكەن ھەم سالاپەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ ھەربىي كەسىپنى تالىلاپ، قورۇقلۇق ئارمىيىسىگە تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىدىغان پارىژ ھۈنەر ـ سانائەت ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. لېكىن، شۇ چاغدا بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەردى. ئۇنىڭ دادىسى تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ، ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. شۇڭا، ئۇ ئوقۇش پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. 1870 ـ يىلى ئۇ ئەمدىلا 22 ياشتا ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا فرانسىيە مەغلۇبىيەت گىردابىغا بېرىپ قالغان بولۇپ، ھېنرى دې گول گامبېتتانىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ پىدائىيلار ئالاھىدە ئەترىتىگە قاتناشتى. بۇ ئەترەتنى پرۇسسىيىلىكلەر «مەرگەنلەر» دەپ ئاتاشتى. ياش ھېنرى مىلادشى لېيتېنانت بولۇپ بىر ۋوزۋود ئەسكەرنى باشلاپ سېتېنس ۋە بولشېردىكى جەڭگە قاتناشتى ھەمدە جەڭدە يارىدار بولۇپ ئوردېن ئالدى. كېيىن بۇ ئوردېننى ئوغلى شارل قەدىرلەپ ساقلىدى.

فرانسىيىدە تىنچلىق ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ھېنرى تۇرمۇشنىڭ قىستىشى بىلەن ئۆز غايىسىدىن ۋاز كېچىپ، ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۆمۈرلۈك كەسىپ قىلىپ تاللىدى.

1890 ـ يىلى شارل دې گول لىل شەھىرىنىڭ مەلىكە كوچىسى يۇقىرى مائۈيودىكى كونا تۇرالغۇسىدا دۇنياغا كەلدى. بۇ ئۆي ئەتراپتىكى ھەرخىل ھەشەمەتلىك بىنالاردىن روشەن پەرقلىنەتتى. ئۆينىڭ ئۇدۇل ئىشىكىنىڭ ئۈستىدىكى ئويۇقتا ئىلاھە دې راۋىنىڭ ھەيكىلى قويۇلغانىدى. فرانسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى لاگودرور: دې گول جەمەتىدىكىلەر ئەزەلدىن قانداقتۇر «مۈلۈكدار» بولماستىن، بەلكى ئۇلار ئەدىب، مىسسىئونېر ۋە ئىش بېجىرگۈچى دۆلەت خادىملىرىدۇر،

ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز كۆچىگە تايىنىپ ياشايدىغان زىيالىيلاردۇر، دېگەنىدى. 1962 ـ يىلى گېنېرال دې گولمۇ ئۆز جەمەتى توغرىسىدا توختىلىپ: «مۇلۇكدار؟ مەن ئەزەلدىن مۇلۇكدار بولمىغان. مۇلۇكدار دېگەنلىك، بۇرژۇئازىيىنە دېگەنلىكتۇر، بۇرژۇئازىيە ــ بايلىق ئىگىلەش ئېڭى دېمەكتۇر ياكى ئۇ بايلىققا ئېرىشىش تەمەسىدۇر. ئائىلەم ۋە مەن ئىزچىل نامراتلىق دەردىنى تارتىپ كەلدۇق ... مەن ئۆزۈمنى بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسى بىلەن ئالاقەم بار دەپ ئەزەلدىن ھېس قىلغان ئەمەسمەن» دېگەنىدى.

شارل دې گول تۇغۇلغان يىلى دادىسى بۇۋىمەرىيەم مەكتىپىنىڭ ماتېماتىكا ۋە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. بۇ بىر خرىستىئان يوپ ئاچقان مەكتەپ ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ دادىسى مەكتەپ تەپتىشلىكىگە تەيىنلەندى. ئۇ بوش قالغان چاغلىرىدا شارلنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇرۇشتىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

شارل دې گول بالىلىق چاغلىرىدا شائىر روستاننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا ئامراق ئىدى. ئۇ 10 ياشقا كىرگەن كۈنى دادىسى ئۇنى روستاننىڭ «شۆڭقار» ناملىق تىياتىرىنى كۆرۈشكە ئېلىپ باردى. ئۇ قاتتىق تەسىرلىنىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا ئاپىسىغا: مەنمۇ چوڭ بولغاندا ئەسكەر بولىمەن، دېدى. ئۇ سەل چوڭ بولغاندا روستاننىڭ «سىھانو» ناملىق ئەسىرىنى تولۇق يادلىۋالدى. 20 نەچچە ياشقا كىرگەندە پاگۈيىنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ قالدى. بۇ ۋەتەنپەرۋەر ئەدىبنىڭ ئىدىيىسى شارلنىڭ ھاياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. پاگۈنىڭ كۆپىنچە ئەسەرلىرىدە پاك ئاياللارنىڭ ئىپپەت ـ دىيانىتى ئاساسىي تېما قىلىنغان بولۇپ، فرانسىيە خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنىڭ سىمۋولى بولۇشى كېرەك، دېگەن غايە ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئۇ فرانسىيە ــ ئانا، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بۇرچى ئانا ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، دەپ

قارىغان، دې گول بۇ قاراشقا ئۇمۇر بويى چوقۇندى. شارل ئۈچ ئوغۇل، بىر قىز بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى گېزاۋىي ئىدى. شارل دې گول بالىنىڭ ئىككىنچىسى ئىدى، سىڭلىسىنىڭ ئىسمى مارى ئاننىس ئىدى، ئىككى ئىنىسىدىن بىرىنىڭ ئىسمى ياك، يەنە بىرىنىڭ پىئېر ئىدى. ھېنرى دې گول بۇ جەمەتلىك ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبدانراق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن دوردون دەرياسىنىڭ بويىدىن بىر يۇرۇش ئۆي سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا «لۇئار دەريا داچىسى» دەپ ئات قويدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى يازلىق دەم ئېلىشنى مۇشۇ جايدا ئۆتكۈزەتتى. دادىسى بالىلىرىغا داچىغا بارغاندا چوقۇم كىتاب ئېلىپ بېرىشنى تاپشۇراتتى. شارل دې گول تۇنجى قېتىم بارغاندا «فرانسىيە تارىخى» دېگەن كىتابنى ئېلىۋالغانىدى.

شارل دې گول ئوغۇل بالا بولغاچقا جەڭ ئويۇنلىرى ئويناشقا ناھايىتى ئامراق ئىدى. شۇ ۋەجىدىن دادىسى ئۇنى بىرنەچچە قېتىم ئەدەپلىگەنىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى پىئېر يىغلىغىنىچە ئۆيگە كىرگەندە، ئانىسى ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى، ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ: «شارل مېنى ئۇردى» دېدى. ئاپىسى نېمە ئۈچۈن ئۇرغانلىقىنى سورىغانىدى، پىئېر: «بىز جەڭ ئويۇنى ئوينىغانىدۇق، مەن ئىشپىيون بولدۇم، باش شتابقا ئاخبارات يەتكۈزۈپ بېرىش داۋامىدا تۇتۇلۇپ قالدىم، مەن قورقۇپ كېتىپ قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن»، «قايسى قوماندانىنى دەيسەن»؟ «شارلنى دەۋاتىمەن، ئۇ ماڭا دۈشمەن تۇتۇۋالسا، ئاخباراتنى يۇتۇۋەت دېگەنىدى، لېكىن مەن ئاخباراتنى دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بېرىپتىمەن».

يەنە بىر قېتىم ئاكىسى گېزاۋىي ھەر قېتىملىق ئويۇندا گېرمانىيە پادىشاھى بولۇۋېرىپ زېرىككەنلىكى ئۈچۈن، فرانسىيە پادىشاھى بولۇشنى تالىشىدۇ، لېكىن شارل قەتئىي ئۇنىماي «ياق، تېگىشمەيمەن، فرانسىيە مېنىڭ !» دەپ ۋارقىرايدۇ.

1900 ـ يىللىرىدا شارل دې گولنى كۆرگەنلا كىشى ئۇنىڭ

كۆزلىرىدىن باتۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان بالا ئىككەنلىكىنى ئېيىسىگە ئالالايدۇ، ئۇنىڭ كونا ساۋاقداشلىرى ئۇنى، ھەمىشە يەردىن ئۇستۇن قارىمايتتى، لېكىن ئۆزىگە بەك ئىشىنەتتى، دېگەن. ئۇ مەكتەپتىكى چېغىدا باشقا ئوغۇل باللارغا ئوخشاش، بىنا پەلەمپىيىنىڭ تۇتقۇچىدىن سىيرىلىپ ئويناشقا ئامراق ئىدى. بىر قېتىم ئۇ يىقىلىپ كەتكەندە، دەل شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئوقۇتقۇچى ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزىدۇ ھەمدە: «قورقمىدىڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ: «نېمىشقا قورقىدىكەنمەن؟ مەن ھاياتىمدىن ئايرىلىپ قالمىسام !» دەيدۇ.

شارل دې گول كىچىك چېغىدا ئۆگىنىشكە قىزىقمايتتى. ئۇ 5 ـ يىللىقتا چىققاندا بىر كۈنى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئاتا ـ ئانىسىغا چوڭ بولغاندا ھەربىي بولۇشقا بەل باغلىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ: «مەن بىر قارارغا كەلدىم، ساينىت كىيىر ھەربىي مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ھەربىي بولىمەن» دېدى، دادىسى ئۇنى ئوبدان ئويلاپسەن، دەپ ماختىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەگەر ئوقۇشقا بۇنداق سەل قارىساڭ، ھەربىي مەكتەپكە ھەرگىزمۇ كىرەلمەيسەن، دەپمۇ ئاگاھلاندۇردى.

شارل دې گول 14 ياشقا كىرگەندە دادىسىنىڭ تەربىيىسى ئارقىسىدا ئۆگىنىشكە قاتتىق بېرىلىپ، ئوقۇش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، سىنىپىنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا نۇرغۇن تارىخىي رومانلارنى ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇ دادىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تارىختىن ئۆتمۈشنى بىلىش بىلەنلا قالماستىن، تارىختىن كەلگۈسىگە نەزەر سېلىشنىمۇ ئۆگەندى. ئۇ ئۇرۇش تارىخى ۋە ئۇرۇش قەھرىمانلىرىنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇشقا بەك قىزىقاتتى. ئالايسىيە ھەربىي لاگېرىدىن سېدان ھەربىي لاگېرىغىچە، كارولىن سۇلالىسىنىڭ مائارىپ قانۇنىدىن مەشھۇر سىياسىي ئەرباب فاررونىڭ مائارىپ قانۇنىغىچە، لونگېۋىل خانىمىنىڭ قورالىلىق جازا يۈرۈش قىلغانلىقىدىن گېرتسوگ بىرىل

خېنىمىنىڭ قارام ھەرىكىتىگىچە، فرانسىيىنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى تۇز بېجى ئىسلاھاتىدىن ھازىرقى دۆلەت مال - مۈلۈك قانۇنىغىچە بولغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىلا، فىلىپ ئاۋگۇستتىن برانگىغىچە بولغان فرانسىيىنىڭ تارىخى بىر پۈتۈن گەۋدە، فرانسىيە مىللىتىمۇ بىر پۈتۈن گەۋدە، «بۆلگۈنچىلەر» چىقمىسىلا، ھەممە ئادەم دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالايدۇ، دەپ قەتئىي ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ فرانسىيىنىڭ ئىزچىللىقىنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى قەتئىي پوزىتسىيىسى ئۇنى ھەر خىل تەلىماتلارنى بىرلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ، چەتكە قېقىش ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان مىللەتنىڭ ھايات ئۆملۈكىگە خەۋپ يەتكۈزىدۇ، دەپ قارىدى.

شارل دې گولنىڭ بويى ناھايىتى تېز ئۆستى، ئۇ ساۋاقداشلىرىدىن خېلىلا ئېگىز ئىدى. ئۇنىڭ مۇنازىرىگە ئامراقلىقى داھىيغا خاس تۇغما تالانتتىن دېرەك بېرەتتى، ئۇنىڭ گەپلىرىمۇ يۇمۇرلۇق ئىدى. بىر كۈنى ئۇ بويىنىڭ چوڭ ئادەملەرگە ئوخشاش ئېگىزلىكىدىن پايدىلىنىپ سالاپەتلىك ياسانغاندىن كېيىن، ئۆيىگە كېلىپ دەرۋازىنى قېقىپ، مەن «گېنېرال فرىدىرىخ»، زىيارەتكە كەلدىم، دېگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى فرانسىيىنىڭ بۇ يېڭىلمەس گېنېرالىغا ئوخشىتىشى ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى ئالدىن كۆرگەندەكلا بىر ئىش.

1907 - يىلى دادىسى دې گولنى ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاش ئۈچۈن فرانسىيە - بېلگىيە چېگراسىنىڭ بېلگىيە تەرىپىدىكى ئانتوۋان دېگەن مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. بۇ مەكتەپنى فرانسىيىلىك سەرگەردان پوپ ئاچقانىدى. بىر يىلدىن كېيىن دې گول پارىژغا قايتىپ كېلىپ ستانىسلاۋ مەكتىپىگە كىرىپ، سايىنت كىيىر مەكتىپىگە كىرىش ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلدى. 1908 - يىلى ئاۋغۇستتا ئۇ سايىنت كىير ھەربىي مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ھەربىي ھاياتى باشلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىككىنچى باب  ھەربىيلىكتە

شارل دې گول ھەربىيلىك ھاياتىنى باشلىغاندا، فرانسىيەدە ئىشچىلار ھەرىكىتى ئەۋج ئېلىپ، مىللەت ئىچكى يوقىرى كۆتۈرۈلگەنىدى. 1909 ـ يىلى، يەنى دې گول ھەربىي مەكتەپكە كىرگەن يىلى فرانسىيەدە 1000 قېتىمدىن ئارتۇق ئىش تاشلاش يۈز بەردى. فرانسىيە جەمئىيىتىدە بۇرۇنقى ئەنئەنە داۋام قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، بەزى جەھەتلەردە 20 ـ ئەسىرگە يۈزلەنگەنىدى. شارل دې گول كېيىن «فرانسىيە ۋە ئۇنىڭ ئارمىيىسى» دېگەن كىتابىدا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن: «ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ ئاكتىپلىرى» فۇرىئېر، پرۇتون قاتارلىق فرانسىيە پەيلاسوپلىرىنى تاشلاپ كارل ماركس تۇغى ئاستىغا ئۇيۇشماقتا، دەپ يازغانىدى. شۇ كىتابىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ يەنە ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاب بىلەن باغلانغان بۇرۇنقى ئۇرۇشخۇمارلىقتىن ۋاز كېچىۋاتقىنىغا ئېچىنىپ: «خېلى كۆپ قىسىم كىشىلەر ئىنتېرناتسىئونالغا قاتناشتى. پرولېتارىياتنىڭ دۈشمەنلىرىلا ئۇلارنىڭ دۈشمىنى!» دەپ يازغانىدى.

بەلگىلىمە بويىچە ساينت كىير ھەربىي مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن بىر يىل ئەسكەر بولۇشى شەرت ئىدى. دې گول بۇ بىر يىلنى ئارراستا تۇرۇشلۇق 33 ـ پىيادە ئەسكەرلەر پولكىنىڭ 9 ـ روتىسىدا ئۆتكۈزدى. ئۇ ھەر كۈنى بىر خىللا ھەربىي مەشىق قىلىدىغان ۋە ياخشىۋ ئاقلاشتەك پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى قىلىدىغان بۇنداق مەنىسىز تۇرمۇشنى ياقتۇرمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاللايدىغان بىردىنبىر جاي ـــ قەدىمكى ئىبادەتخانا ئىچىدىكى ئارراس شەھەرلىك كۇتۇپخانا بولۇپ، ئۇ يەردە

قەدىرلىنىپ ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن نادىر كىتابلار بار ئىدى. بەزىلەر ئۇنىڭ روتا كوماندىرى كاپىتان دېتېرىندىن: دې گولنى نېمە ئۈچۈن سېرژانتلىققا ئۆستۈرمەيسىلەر؟ دەپ سورىغاندا، كاپىتان: «بۇنداق يىگىتنى مەن قانداقمۇ سېرژانتلىققا ئۆستۈرەلەيمەن، ئۇ مارشال بولسا ئاندىن رازى بولىدۇ!» دېگەنىدى.

ھەربىي بولۇش دې گولنىڭ كىچىك چېغىدىن باشلانغان ئىستەك ئىدى، لېكىن ئۇ سايىنت كىير ھەربىي مەكتىپىگە كىرگەندىن كېيىنلا بىلىق سۇغا ئېرىشكەندەك قانائەت تاپتى. ئۇ بويىنىڭ ئېگىزلىكى، مىجەز - خۇلقىنىڭ ياخشىلىقى ۋە ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن سايىنت كىير ھەربىي مەكتىپىدە كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى. ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا لەقەم قويۇش ئادەتتىكى ئىش ئىدى. كىشىلەر كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرماي، ئۇنى «ئۇزۇن تۇرا شارل»، «چوڭ خوراز»، «قومۇش»، «ئىككى مېتىر» دەپ چاقىراتتى. دې گول بۇ لەقەملەرگە پەرۋا قىلمايتتى. ئۇنىڭ بويىغا قويۇلغان لەقەملەردىن باشقا، ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى زاڭلىق قىلىدىغان «سىھانو» دېگەن لەقىمىمۇ بار ئىدى. لېكىن، ئۇ روستانىنىڭ ئەسەرلىرىنى ياخشى كۆرگەچكە، خاپا بولۇپ كەتمەيتتى.

ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ مۇلايىم، يۇمۇرلۇق تاشقى قىياپىتى ئاستىدا سوغۇق مۇئامىلىلىك ۋە تەكەببۇرلۇق خاراكتېرىنىڭمۇ بارلىقىنى بايقىدى. ساۋاقداشلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، بەس - مۇنازىرە قىلىشقاندا دې گولنىڭ گەپلىرى فرانسىيە تارىخىدىن نېرى كەتمەيتتى. ئۇ بۇ ھەقتە سۆزلىگەندە نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلار ۋە يىلنامىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئاڭلىغۇچىلارنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ مەشىق دەپتىرىگە ۋىكتور ھيۇگونىڭ: «ئۇسلۇبى ئىخچام، پىكرى ئېنىق، ئىشتا كەسكىن بولۇش» دېگەن سۆزىنى كۆچۈرۈۋالغان ھەمدە ئۇنى ئۆز ئەقىدىسى قىلغانىدى.

1912 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىردە، شارل دې گول سىنىپ بويىچە 13 ـ ئورۇندا بولۇشتەك نەتىجە بىلەن مىلادىنىڭ لىيىتىنانتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. سىنىپىنىڭ ئەلاچىسى ئالفونسوس ژۇھان بولۇپ، كېيىن ئۇ فرانسىيىنىڭ مارشالى بولدى.

ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بەلگىلىمە بويىچە خالىغان بىر پولكتا ۋەزىپە ئۆتىسە بولاتتى. دې گول بۇرۇن بىر يىل پراكتىكانت ئەسكەر بولغان 33 ـ پىيادە ئەسكەرلەر پولكىنى تاللاپ يەنە ئارراسقا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا پىيادە ئەسكەرلەر پولكىنىڭ كوماندىرى پولكوۋنىك فىللىپ پېتائىن ئىدى.

بىر كۈنى پولكوۋنىكنىڭ پېتائىن سكاپ دەرياسى بويىدا قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلارغا ئوت كۈچىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە سۆزلىدى. ئۇنىڭ قارىشى شۇ چاغدىكى باش شتابتا «ئىلغار» قاراش بولۇپ ھېسابلىناتتى. چۈنكى، شۇ چاغدىكى فرانسىيىدە كۆپىنچە كىشىلەر يەنىلا، نەيزە توپ ـ زەمبىرەكتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ قارايتتى. پولكوۋنىك پېتائىن شاھزادە كوندې ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق مانېۋىرنى تىلغا ئالغاندا، ياش دې گول ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ئۆزى ئىگىلىگەن بىلىملەرگە ئاساسەن مارشال تررېنانىڭ كوندېنى زەمبىرەك ئارقىلىق مەغلۇپ قىلىپ ئارراسنى قوغدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كاپىتان پېتائىن ئىختىساس ئىگىلىرىنى قەدىرلەيدىغان كىشى ئىدى. تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرنىڭ قىستۇرغان گېپى ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ئۇ دې گولنى قولتۇقلاپ باشقا ئوفىتسېرلارنىڭ قېشىدىن چىقىپ، بۇ ياش يىگىت بىلەن كوندې ۋە تررېنانىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشتى. بۇ دې گول بىلەن پېتائىننىڭ تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈشى ئىدى. كېيىن بۇ ئالاقە كۈچىيىپ يۇقىرى

دەرىجىلىك ئوفىتسېر بىلەن تالانتلىق ياش شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇققا ئايلاندى. لېكىن، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، فرانسىيە خەۋپ ئىچىدە قالغاندا بۇ ئىككى كىشى خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغاچقا، بىر - بىرى بىلەن قارشىلىشىپ قالدى، ھەر ئىككىسىلا مەن فرانسىيىگە ۋەكىللىك قىلىمەن، دەپ قارايتتى.

قىسمىغا بارغاندا كاپىتان پېتائىن بۇ يىگىتنىڭ ئىقتىدارىنى ياقتۇرۇپ قالدى، لېكىن پېتائىن ئىنتىزام ھەممىدىن مۇھىم، دەپ قارايتتى. 1913 - يىلى فرانسىيىنىڭ دۆلەت بايرىمى كۈنى كاپىتان ئاتلىق يۈرۈپ ئۆز قوشۇنىنى پاراتتىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، دې گولنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى تارقىتىۋەتكەنلىكىنى سېزىپ قالدى. ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ، دې گولنى تەقىپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. دې گول باشقىلارنىڭ گۇناھىغا كەتتىم دەپ قارىسىمۇ ئىلاج يوق ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئەتىسى يەكشەنبە كۈنى پارىژغا بارالمايتتى. ھېلىمۇ ياخشى، كېيىن كاپىتان پېتائىن دې گولغا بېرىلگەن جازانى ئەمەلدىن قالدۇردى. دې گول ئۆزىنى ئانچە - مۇنچە تۈزەشتۈرۈپلا ۋوگزالغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئەمدىلا قوزغالغان پويىزغا ئېسىلىپ چىقىۋالدى. ئۇ بىر لوژىغا كىردى، ئۇ يەردە يۇقىراچە كىيىنگەن ئوتتۇرا ياشلىق كىشى ئولتۇراتتى. بۇ دەل كاپىتان پېتائىن ئىدى.

— پاھ، يىگىت، پويىزغا ئۈلگۈرەلمىگىلى تاسلا قالدىڭ - ھە؟ — دېدى كاپىتان.

— شۇنداق، كاپىتان، لېكىن مەن ئۈلگۈرەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم، — دېدى يىگىت پەس ئاۋازدا.

— لېكىن، تەقىپ قىلىنغان بولسام ئۈلگۈرەلمەيتتىڭ.

— ئۇغۇ راست، لېكىن جازا ئادىل بولمىغانىدى. شۇڭا، ئۇنى بىكار قىلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەتتىم.

1913 - يىلى ئۆكتەبىردە دې گول لېيتېنانتلىققا

ئۆستۈرۈلگەندە 23 ياش ئىدى. ھەمراھلىرى قابىلىقى ئېچىلمايدىغان بۇ يىگىتنىڭ كەلگۈسىدىكى ئارزۇسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ھەتتا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرمۇ ئۆز باشلىقىنى زادى چۈشەنمەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى فرانسىيىنىڭ شىمالىدىن بولۇپ، ئەسكەرلىككە كىرىشتىن بۇرۇن كان ئىشچىسى ۋە دېھقان ئىدى. ئۇلار مەردانە ھەم قاۋۇل، غۇرۇرلۇق، چىدامىلىق ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ قىزىقqانلىق تەرىپىمۇ بار ئىدى، مۇھەببەت ـ نەپرىتىنى ئاسان ئاشكارىلايتتى. دې گولمۇ مۇشۇنداق كىشىلەرنى ياقتۇراتتى. دې گولنىڭ دوستلىرى بۇ ئىشلارنى ئەسلەپ، دې گول كېيىنكى ھاياتىدا فرانسىيە خەلقى ھەققىدە توختالسىلا ئاشۇ شىماللىقلارنى تىلغا ئالاتتى، دېگەن.

ئەينى چاغلاردا دۇنيا مىقياسىدا كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولمىغانلىقتىن، جاھانگىر دۆلەتلەر ئارا مۇستەملىكە تالىشىش ئۇرۇشلىرى كۆپىيىپ كەتكەنىدى، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىدىن ئىبارەت ئىككى كونا كاپىتالىستىك دۆلەتنىڭ تېخنىكا ـ ئۈسكۈنىلىرى قالاق بولغانلىقى ھەمدە كاپىتالى كۆپلەپ چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىقتىسادىي تەرەققىياتى توختاپ قېلىش ھالىتىگە بېرىپ قالغانىدى. ئامېرىكا، گېرمانىيە قاتارلىق كېيىن باش كۆتۈرگەن كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بولسا ئۇلارغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەنگلىيە «دۇنيا زاۋۇتى» لىق ئورنىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي سوممىسى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى، گېرمانىيە ياۋروپا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا فرانسىيە بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى. فرانسىيىلىكلەر پرۇسسىيىلىكلەر بېسىۋالغان ئالساس بىلەن لوررائىننى قايتۇرۇۋېلىشقا تەشنا ئىدى. گېرمانىيىلىكلەر بولسا

فرانسىيىنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك زېمىنىنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ھەر ئىككى دۆلەت جىددىي ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتكەنىدى.

1914 ـ يىلى ئىيۇلدا ئاۋسترو ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ خان ۋارىسى فېردىنان سارايېۋوغا زىيارەتكە بارغاندا سېربىيىلىك بىر نەچچە ياش تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋەقە ئىككى چوڭ جاھانگىر ھەربىي گۇرۇھنىڭ توقۇنۇش پەيدا قىلىپ تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا باھانە بولدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى رەسمىي پارتلىدى. 3 ـ ئاۋغۇستتا گېرمانىيە فرانسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 4 ـ ئاۋغۇستتا گېرمانىيە بېلگىيىگە تاجاۋۇز قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ياۋروپانى ئاساسىي جەڭ مەيدانى قىلغان جاھانگىرلىك ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندا لېيتېنانت دې گول تېخى 24 ياشقا توشمىغانىدى. ئۇ شۇ چاغلاردا كىرېيسمېنزولغا بەك چوقۇناتتى، ئۇ كىرېيسمېنزول مۇستەقىل ئىش كۆرۈش ۋە تىز پۈكمەسلىك خاراكتېرىگە ئىگە، يىراقنى كۆرەر، بىلىملىك، ۋەتەننىڭ بارلىق مۇداپىئە كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ رېيىن دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كېلىدىغان ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش كېرەكلىكىنى بۇرۇنلا كۆرۈپ يەتكەن، دېگەنىدى. دې گول تۇرۇشلۇق 1 ـ پىيادە ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنىڭ 33 ـ پولك 1 ـ باتالىيونى ئۇرۇش باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېرى ــ لىلدىن ئانچە يىراق بولمىغان شىمالىي چېگرىغا يۆتكەلدى.

15 ـ ئاۋغۇستتا شارل دې گول بېلگىيە چېگراسىدىكى ماس دەرياسى بويىدىكى دىنانغا يېقىن جايدا تۇنجى قېتىم جەڭگە قاتنىشىپ يارىلاندى. ئۇ ئارقا سەپ دوختۇرخانىسىدا ئۈچ ئاي داۋالانغاندىن كېيىن 33 ـ پولكقا قايتىپ كەلدى، شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن بۇ پولكنىڭ ئادىمى بەك ئازىيىپ كەتكەنىدى.

1915 ـ يىلى 1 ـ يانۋاردا 2 ـ دىۋىزىيە ئېلان قىلغان تەقدىرلەش پەرمانىدا دې گول: «ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئىستىھكامىغا قارىتىلغان بىر قاتار رازۋېدكا ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ، قىممەتلىك ئاخبارات ئېلىپ كەلدى» دەپ تەرىپلەندى.

كېيىنكى جەڭلەردە شارل دې گول يەنە ئىككى قېتىم يارىلاندى، بىرىنچى قېتىم 1915 ـ يىلى 3 ـ مارت شامپانې فرونتىدا يارىلاندى. 4 ـ سېنتەبىر دې گول يارىسى ساقىيىشقىلا كاپىتانلىققا ئۆستۈرۈلدى. 30 ـ ئۆكتەبىر ئۇ 33 ـ پولك 10 ـ روتىسىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى. 33 ـ پولكنىڭ كوماندىرى پولكوۋنىك بۇدول ئىدى. قول ئاستىدىكى دې گولنىڭ باتۇرلۇقى ۋە خاتىرىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى پولكوۋنىكتا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن پولكوۋنىك بۇدول بۇ ئىشلارنى ئەسلەپ: ئارمىيىدىكى يوپ ھەر قېتىم مۇقەددەس ئاۋگۇستىنىنىڭ سۆزىنى خاتا نەقىل كەلتۈرگەندە، دې گول شۇئان قوپۇپ تۈزىتەتتى. ئۇ پۈتۈن پولكتىكى ھەربىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلەتتى، دېگەندى. كاپىتان دې گول روتا كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىپ ئۈچ ئاي ئۆتمەيلا، ئۆز روتىسىنى ۋېردېن فرونتىغا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى، پولكوۋنىك بۇدول ئۇزاق ئويلىنىپ ئاخىر ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. ئۇ دې گولغا بۇيرۇق چۈشۈرگەندە: «ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىكىنى، بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن كاپىتان دې گوللا چىقالايدۇ دەپ قارايمەن» دېگەندى.

1916 ـ يىلى 2 ـ مارتتا گېرمانىيە ئارمىيىسى دۇئامونىدىكى فرانسىيە ئىستىھكامىنى شىددەتلىك تويقا تۇتتى. فرانسىيىلىكلەر بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالاي دېگەندى. شۇ ئەسنادا كىمدۇر بىرىدىنلا «ياردەمچى قوشۇن

كەلدى» دەپ تـوۋلـىۋەتتـى. كـاپىتـان دې گـول خۇشـال بـولـۇپ ئاكوپتىن بېشىنى چىقىرىپ فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ كۆك پولات قـالـپىقـىنـى كـيـگەن بـىـر تـوپ ئەسـكـەرلـەرنـىڭ يـۈگـۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، لېكىن دې گول كېلىۋاتقانلار فرانسىيىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى ئەمەس، بەلكى قۇربان بولغان فرانسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ قالپىقىنى كىيىۋالغان گېرمانلار ئىكەنلىكىنى بىردىنلا تونۇپ قالدى. ئۇ پۈتۈن روتىدىكى ئەسكەرلەرنى نەيزىنى چىقىرىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق قىلدى. شۇ دەقىقىدە بىر پاي ئوق ئۇنىڭ يوتىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. ئۇنىڭ ئوق تېگىپ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن پولكوۋنىك بۇدول ئۇنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ، ئاتا ـ ئانىسىغا خەت يېزىپ شارل دې گول جەڭ مەيداندا شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى، دەپ ئۇقتۇردى. كېيىنكى چاغلاردا بۇدول ھەمىشە: «مەن 1916 ـ يىلىدىن باشلاپلا دې گول تەرەپدارى ئىدىم» دەيتتى. گېنېرال پېتائىن دې گولنىڭ قازا تاپقانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇ ياش كاپىتاننى ئەڭ ئالىي ئوردېن — كرېست ئوردېنى بىلەن «مۇكاپات» لىدى ھەمدە مۇنداق دەپ يازدى:

«بۇ روتىغا قوماندانلىق قىلغۇچى كاپىتان دې گول ئەخلاقىي، ئەقلىي جەھەتتە ئەلا نەتىجە يارىتىش ئارقىلىق تونۇلغانىدى. شۇ كۈنى ئۇ تۇرۇشلۇق باتالىيون دۈشمەننىڭ شىددەتلىك زەمبىرەك ئوقىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۈشمەن يەنە ئۇنىڭ روتىسىغا تۆت تەرەپتىن قىستاپ كەلگەندە، ئۇ ئەسكەرلەرنى باشلاپ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىتىلىپ دۈشمەن بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشتى. ئۇ ھەربىي دېگەن شان ـ شەرەپكە مۇناسىپ ئىش قىلدى. ئۇ شىددەتلىك جەڭدە ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلدى. ئۇ ھەر جەھەتتىن تەڭداشسىز مۇنەۋۋەر ئوفىتسېر بولۇشقا مۇناسىپتۇر.»

ئەمەلىيەتتە، كاپىتان دې گول ئۆلمىگەنىدى. ئۇ ئوق تېگىپ يىقىلغاندا، شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر گېرمان ئەسكىرى ئۇنى ئەسىرگە ئېلىۋالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئەمگىكى يىلل سەككىز ئاي مەھبۇسلۇق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈردى. دەسلەپتە ئۇ فېردېيىگدىكى ئەسىرلەرنى ۋاقىتلىق يىغىۋېلىش پونكىتىغا قامالدى. ئۇ يارىسى ساقىيىشى بىلەنلا لەخمە كولاشقا كىرىشىپ، لەخمە ئارقىلىق شەھەر ئەتراپىدىكى قاقاسلىققا قېچىپ چىقتى. بىراق، ئۇنىڭ بويى ئېگىز بولغاچقا، ئوچۇق دالادا يوشۇرۇنالماي، يەنە تۇتۇلۇپ قالدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم قېچىشقا ئۇرۇنۇپ يەنە تۇتۇلۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن دې گولنى ئىنگول شتادتىكى جازا لاگېرىغا يۆتكىۋەتتى. جازا لاگېرىدا ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش قېچىپ تۇتۇلۇپ قالغان رىمى روردەك بىر قىسىم باتۇر ئەزىمەتلەر بىلەن تونۇشتى، بۇ كىشى كېيىن «ۋاقىت گېزىتى» نىڭ مەخسۇس ئىستون يازغۇچىسى بولۇپ، دائىم ماقالە يېزىپ دې گولنى قوللىدى، بىررى لېۋېرلور بولسا دې گول ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىدىغان نەشرىيات سودىگىرىگە ئايلاندى. مايور كارترۇ 1940 ـ يىلى فرانسىيىگە تەۋە ھىندىچىنىغا باش ۋالىي بولدى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۇ دې گولنىڭ چاقىرىقىغا ئەڭ بۇرۇن ئاۋاز قوشتى.

تۇرمە ھاياتى دې گولنىڭ كېيىن قول ئاستىدىكىلەرگە ۋە پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان خاراكتېرىنى تېخىمۇ تاۋلىدى. ئۇ ئۆگىنىشكە، بىلىم ئاشۇرۇشقا تەشنا ئىدى، ئۆزى بىلىدىغانلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىشنى خالايتتى. ئۇ تولىمۇ جاھىل ئىدى، بىر قېتىم ئۇ 9 ـ قورغاننىڭ قوماندانى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئايرىم قاماقخانىغا سولاپ قويۇلغانىدى. ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن تاكاللىشىپ قالغاندا ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا يول قوياتتى، كىشىلەر ئۇنىڭغا «گېنېراللىسسىمۇس» دەپ لەقەم قويۇۋالغان بولۇپ، بۇ لەقەم ئارراستىكى چاغدا روتا كوماندىرى ئۇنىڭغا بەرگەن باھا بىلەن

بىر يەردىن چىقىپ قالغانىدى. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ۋېنىستون چېرچىلمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق لەقەم قويىدى.

كېيىن، كاپىتان دې گول ماگدېبۇرگ، لىيۇدۋىگسخافېن ئەسىرلەر لاگېرىدىمۇ ياتتى. سۇكىن ۋە رائوسونبېرگتا تۈرمىگە تاشلاندى. گاستون بۇنالنىڭ ئېيتىشىچە: دې گول «پۇت تېپىشىش» دېگەن كىتابىنى لىيۇدۋىگسخافېندا يېزىشقا باشلىغانىكەن. مايور كارترو بۇ كىتابنىڭ تۇنجى ئوقۇرمەنى ئىكەن.

1918 ـ يىلى 11 ـ نويابىردا گېرمانىيە خانى ئۇرۇش توختىتىش پەرمانى چۈشۈردى، ئىككى يىلدىن ئارتۇق قاماقتا ياتقان دې گول ئاخىر قايتا ئەركىنلىككە ئېرىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب  پىشىپ يېتىلىش

ئۇرۇش ئاخىرلاشتى، لېكىن شارل دې گول ئۆزىنىڭ ئۇرۇشتىكى ئىپادىسىدىن ئەسلا رازى ئەمەس ئىدى، ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى «لۇئار دەرياسى داچىسى» دا كۈتۈۋالدى، ئىللىق ئائىلە ھاياتى ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبىدىكى پۇشايماننىڭ ئورنىنى تولدۇرالمىدى. دې گولنىڭ شۇ چاغلاردا ئۈچ ئاكا ـ ئىنىسى بىلەن ھويلىدا چۈشكەن بىر سۈرىتى بولۇپ، تۆت يىگىتنىڭ ھەممىسى ھەربىي كىيىم بىلەن ئورۇدىن ئېسىپ مەغرۇر قاراپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دې گول ئەڭ ئالىي شەرەپ ئوردېنى تاقاپ باشقىلاردىن يىراق تۇراتتى، ئۇ يىنىدىكى گېزاۋېيدىن خېلىلا ئېگىز بولۇپ، نۇرلۇق كۆزلىرىدىن ئۇلۇغ ئىستەك بالقىپ تۇراتتى.

1919 ـ يىلى ئەتىيازدا دې گول فرانسىيە ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن پولشاغا باردى. 1917 ـ يىلى نويابىردا رۇسىيىدە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى پارتلاپ تۇنجى سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت ــ سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنياغا كەلگەنىدى. ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەر يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزدى. پولشامۇ رۇسىيىگە قارشى ئۇرۇش ھالىتىگە كىرگەنىدى.

دې گول پولشاغا كەلگەندىن كېيىن رامبولتوپ ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەتىلىپ تاكتىكىشۇناسلىقتىن دەرس بەردى. بۇ يەردە ئۇنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە شارائىت بار ئىدى. ھەر ئاينىڭ ئالدىنقى ئىككى ھەپتىسىدە ئۇ

ئۆزىنىڭ ئوفىتسېرلىق مائاشى بىلەن ئاقسۆڭەكلەرچە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئالىي رېستورانلارغا، پولشا جەمئىيىتىدىكى يۇقىرى قاتلام سالونلىرىغا بېرىپ تۇراتتى.

1920 - يىلى شارل دې گولغا پولشا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ۋاقىتلىق مايورلۇق ئۇنۋانى بېرىلىپ، بىر يېنىك پىيادىلەر باتالىيونىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا قوماندانلىق قىلدى. ئۇ زېرۈچ دەرياسىنى مۇداپىئە قىلىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن، پولشانىڭ ئەڭ ئالىي شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشتى. رۇسىيە پولشا ئۇرۇشى گاھ توختاپ، گاھ داۋاملىشىپ 1921 - يىلى مارتتا ئاخىرلاشتى. دې گولمۇ دۆلىتىگە چاقىرتىپ كېتىلدى. شۇ يىلى 7 - ئاپرېلدا دې گول كالاي رايونىدىكى بۇۋىمەريەم چېركاۋىدا ئىۋوننا ۋوندېرلو بىلەن توي قىلدى.

ئۇلارنىڭ تونۇشۇشى قويۇق دراماتىك تۈسكە ئىگە ئىدى. 1920 - يىلى ئۆكتەبىردە پولشانىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئۇرۇش بېسىقىپ، دې گول دەم ئېلىش ئۈچۈن پارىژغا قايتىپ كەلدى، ئىۋوننا ۋوندېرلونىڭ جەمەتىدىكىلەر ئەجدادلىرىدىن تارتىپ فرانسىيىنىڭ شىمالىدىكى كالاي رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەنىدى. ئىۋوننانىڭ دادىسى پېچىنە - پىرەنىك سودىگىرى ئىدى، ئىۋوننا ئۆزىگە توي قىلىش تەلىپى قويغان بىر گېنېرالنىڭ ئوغلىنى ئوفىتسېر بولغانلىقى ئۈچۈن رەت قىلغانىدى، ئۇ ئۆز يۇرتىدا توي قىلىپ پەرزەنتلىرىنى بېقىپ ئۆتۈشكە رازى ئىدىكى، ھەربىيگە تېگىپ ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن سەرسان بولۇپ يۈرۈشنى خالىمايتتى. دانكىن خانىم دې گوللار ئائىلىسى بىلەن كىچىكىدىن تارتىپلا تونۇشاتتى، كېيىن ئۇ كالايغا كۆچۈپ بېرىپ پېچىنە - پىرەنىك سودىگىرى ۋوندېرلو ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن تونۇشقانىدى. بۇ قېتىم دې گول دۆلىتىگە دەم ئېلىشقا كېلىپ دانكىن خانىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. دانكىن خانىم ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن چاقچاق قىلىشىدىغان بۇ ياش ئوفىتسېرنىڭ ھالا بۈگۈن

تولىمۇ سالاپەتلىك بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئۇنى بەكلا ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا بىردىنلا، ئېفىننا بۇ يىگىتنى كۆرسە ھەربىيگە تەگمەيمەن دېگەن خىيالىنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن، دېگەن ئوي كەچتى ۋە ۋوندىرلو خانىم بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، دې گول بىلەن ئېفىننانى «تاسادىپىي» ئۇچراشتۇرۇشنى پىلانلىدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئىككى ئائىلىدىكىلەر پارىژدىكى «سۇزۇك كۆز سالونى» دا ئۇچراشتى. دانكېن خانىم ئۇلارنى تونۇشتۇردى. بىردەمدىن كېيىنلا دې گول بىلەن ئېفىننا باشقىلاردىن ئايرىلىپ بىر رەسىمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ شائىر ۋە دراماتورگ مورس روستاننىڭ باللىق چېغىدىكى رەسىمى ئىدى. روستان دې گول ئەڭ ياقتۇرىدىغان شائىرلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، بۇ پورسەتنى قولدىن بەرمەي ئۆزىنى كۆرسىتىپ، شائىرنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى يادقا دېكلاماتسىيە قىلىپ، روستاننىڭ ئەسەرلىرىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى ۋە خاتىرىسىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى، ئېفىننا بۇنى كۆرۈپ دې گولغا مەپتۇن بولۇپ قالدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ۋوندىرلو ئائىلىسىدىكىلەر دې گول ئائىلىسىدىكىلەرنى چايغا چاقىردى. شارل دې گول ھەربىي شەپكىسى، پەلىيى ۋە زاكون تايىقىنى ئىككى تىزىغا قويۇپ ئولتۇراتتى، ئۇ ئالدىغا كەلگەن بىر ئىستاكان چايىنىمۇ تىزىغا قويماقچى بولۇپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن چاينى ئېفىننانىڭ ئېتىكىگە تۆكۈۋەتتى. لېكىن، ئالىقاچان يۈرىكىگە ئاشىقلىق ئوتى تۇتىشىپ قالغان ئېفىننا خۇشخۇي تەسەسسۇم ئەيلەپ، قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ياش ئوفىتسېرنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇردى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار ۋېرسال سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا كەچلىك بەزمىدە يەنە ئۇچراشتى. ئالتىنچى قول ۋالىس تۈگىگەندە شارل دې گول ئېفىنناغا توي

قىلىش تەلىپىنى قويۇپ ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالدى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن دې گول بىلەن ئىفىننا كالايدىكى بۇۋىمەريەم چېركاۋىدا كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

ئۇلار ئۈچ پەرزەنت كۆردى: ئوغلى فىلىپ 1921 ـ يىلى دېكابىردا، قىزلىرى ئېلىزابېت ۋە ئاننا 1924 ـ يىلى ۋە 1928 ـ يىلىدا تۇغۇلدى.

1921 ـ يىلى ئۆكتەبىردە شارل دې گول ساينىت كىيىر ھەربىي ئىنستىتۇتىغا ئۇرۇش تارىخى ئوقۇتقۇچىلىقىغا يېتەكچىلىك بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئىككىنچى يىلى نويابىردا ئۇ فىرانسىيە ئالىي ھەربىي ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا باردى. ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇش ۋاقتى دې گول ئۆچۈن ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىدىيىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنىڭ كەڭتاشا پۇرسىتى ئىدى. ئۇ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن، كەلگۈسىدىكى ئۇرۇش مۇقەررەر ھالدا ماشىنىلاشقان ئۇرۇش بولىدۇ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى پاسسىپ مۇداپىئەلىنىش ئەمەس، بەلكى يۇكسەك دەرىجىدە موتورلاشقان قۇرۇقلۇق قوشۇنىنى ئىشقا سېلىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت، كېيىنكى ئۇرۇش تانكا ئۇرۇشى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. 1924 ـ يىلى ئىيۇندىكى ئوقۇش تاماملاش مانېۋىرىدا دې گول ئۆزىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئاساسىي نۇقتا قىلىنغان تاكتىكا نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزدى. مانېۋىردا دې گولغا «كۆك ئارمىيە» گە قوماندانلىق قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەنىدى. ئۇ يۇكسەك دەرىجىدە موتورلاشقان قۇرۇقلۇق قىسمىنى باشلاپ، چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىپ «دۈشمەن» نىڭ ۋەتۇەرىكىنى چىقىرىۋەتتى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ خىل ئىدىيىسى مەكتەپ مۇدىرى پولكوۋنىك مويراننىڭ تاكتىكا ئىدىيىسىگە زىت ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىمتىھان كومىسسىيىسىنىڭ ئەزالىرى دې گولغا خېلى يۇقىرى باھا بەرگەن بولسىمۇ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھان

نەتىجىسى «ياخشى» دەپ بېكىتىلدى. مەكتەپ مۇدىرى ئىمزا قويغان باھالاش پىكرىدە: «چۈشىنىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، بىلىمى مول، كەسكىن، ئەستايىدىل، تالانتلىق، ئىقتىدارلىق ھەربىي، يېڭىلىق يارىتىشقا بەك ئىنتىلىدۇ، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىپ كېتىدۇ، باشقىلارنىڭ پىكرىدىن يۇتاق چىقىرىشقا ئامراق، يۈرۈش - تۇرۇشى سەرگەردان پادىشاھقا ئوخشايدۇ، بۇ ھال ئۇنىڭ ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان ئېسىل پەزىلىتىگە ئېغىر دەخلى يەتكۈزىدۇ» دەپ يېزىلدى.

دې گول ئالىي ھەربىي ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن باش شتاب قارىمىقىدىكى ترانسپورت لاۋازىمات ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، بىرنەچچە ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن ماينىزنىڭ رېيىن رايونىدىكى فرانسىيە ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىغا يۆتكۈۋېتىلدى. شۇ يىلى دې گول تۇنجى ئەسىرى «دۈشمەننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يۇت تېپىشىش» نى نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەسەر ئۇنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ تۇرمىدە يازغان خاتىرىلىرىگە ئاساسەن رەتلەنگەن بولۇپ، بۇ كىتابنى ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئەسەر دېگەندىن كۆرە، تارىخشۇناسلىققا ئائىت ئەسەر دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇ ئۆز كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر: تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى مىللەت ۋە دۆلەت، ھالبۇكى، ھەربىر مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. دې گول بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ مەڭگۈ ئىدېئولوگىيە تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

1925 ـ يىلى دې گولغا پۇرسەت ئاخىر كەلدى. بۇ چاغدا ئالىي ھەربىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ باش تەپتىشى بولغان مارشال پېتائىن بۇ ئەقىللىق يىگىتنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئۆكتەبىردە ئۇ دې گولنى ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىسى قىلىپ تەيىنلىدى، دېمەك، ئۇ دې گولنىڭ ئىقتىدارى ۋە تەشەببۇسلىرىغا ئاخىر قايىل بولغان

ۋە قىزىقىپ قالغانىدى. 1927 ـ يىلى 12 يىل كاپىتان بولغان شارل دې گول مايورلۇققا ئۆستۈرۈلۈپ، 19 ـ يېنىك پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونىغا قوماندانلىق قىلىشقا بەلگىلەندى. شۇ يىلى ئاپرېلدا دې گول مارشال پېتائىنىڭ شەخسەن ھەمراھلىقىدا بۇرۇن ئۇنىڭ «كۆڭلىگە ئازار بەرگەن» ئالىي ھەربىي ئىنستىتۇتقا يەنە بىر قېتىم بېرىپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ دې گولنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق ئالىي شان ـ شەرەپكە نائىل بولۇشى ئىدى. ئۇ «ئورۇش ۋە داھىي»، «داھىيلارنىڭ مىجەز ـ خۇلقى» ۋە «ئىناۋەت» دېگەن تېمىلاردا ئۈچ قېتىم نۇتۇق سۆزلىدى.

ئىككى يىلدىن كېيىن دې گولنىڭ رېيىن رايونىدىكى ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن بېيرۇتتىكى فرانسىيە قوشۇنىدا ۋەزىپە ئۆتەشكە ئەۋەتىلدى. ئوتتۇرا شەرقتە تۇرغان ئىككى يىلدا دې گول قاھىرە، باغدات، دەمەشىق، ھەلەپ ۋە ئېرۇسالىم قاتارلىق نۇرغۇن مەشھۇر شەھەرلەرنى كۆردى. شۇ قېتىمقى كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ كېيىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ئالجىرىيە كرىزىسىنى بىر تەرەپ قىلىشىدا زور رول ئوينىدى. بۇ ئىككى يىل جەريانىدا دې گول ئالىي ھەربىي ئىنستىتۇتتا سۆزلىگەن نۇتۇقىنىڭ ئورگىنالىنى تۈزىتىپ ۋە تولۇقلاپ، ئۇنىڭغا «مەسلەك توغرىسىدا» ۋە «سىياسىي ۋە ھەربىي» دېگەن ئىككى بابنى قوشۇپ يازدى. 1931 ـ يىلى ئۇ پارىژغا دەم ئېلىشقا كەلگەندە ئورگىنالىنى پۈتتۈرۈپ، ئىككىنچى يىلى «شەمشەر» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتابنىڭ ئىتتۇلىغا دې گول پېتائىنغا بېغىشلاپ مۇنداق دەپ يازغانىدى:

«بۇ كىتابنى مارشال جانابلىرىغىلا بېغىشلايمەن، چۈنكى سىزنىڭ شانلىق تۆھپىڭىز تەپەككۇر نۇرىدىن ھاسىل بولغان ھەرىكەتنى، ئالىيجاناب، گۈزەل ئەخلاقنى ئەڭ كۈچلۈك دەرىجىدە ئىسپاتلايدۇ.»

ئاپتور بۇ سۆزنىڭ ئاستىغا يەنە: «ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ قىزغىن

www.uyghurkitap.com

ئېھتىرام بىلەن ــ شارل دې گول» دەپ يازدى.

1931 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا دې گول ئوتتۇرا شەرقتىن دۆلەتكە قايتىپ كېلىپ، مارشال پېتائىن رىياسەتچىلىكىدىكى ئالىي دۆلەت مۇداپىئەسى كومىتېتىنىڭ كاتىبات باشقارمىسىدا خىزمەت قىلدى، ئىككى يىلدىن كېيىن پودپولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلدى. 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەنە پولكوۋنىكلىققا كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مېتىستا تۇرۇشلۇق 507 ـ تانكا پولكىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى. دې گول مانا شۇ چاغدىلا ئۆز نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

ئوتتۇرا شەرقتىن دۆلەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل جەرياندا دې گول نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ئىزچىل تاشلىمىدى ھەمدە ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ باردى. 1934 ـ يىلى ئۇ «فرانسىيە ھەربىي ئوبزورلىرى»دا «چەت ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي سەپەرۋەرلىكى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى مۇداپىئە سىستېمىسىغا دائىر مەسىلىلەرنى شەرھلىدى. تۆت ئايدىن كېيىن ئۇ يەنە «كەسپىي ئارمىيە توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلدى، ئۇ، دې گولنىڭ ئۈچىنچى كىتابى، شۇنداقلا ھەربىي ئىشلار ئىدىيىسى شەرھلەنگەن مەخسۇس ئەسەر ئىدى. ئۇ «كەلگۈسىدىكى ئۇرۇش تېز سۈرئەتتىكى ماشىنىلاشقان ئۇرۇش بولىدۇ» دېگەن نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇرۇش شارائىتىدا فرانسىيىنىڭ يەر شەكلى ئىنتايىن قولايسىز، بولۇپمۇ فرانسىيىنىڭ بېلگىيە بىلەن تۇتىشىدىغان چېگراسى تولىمۇ ئاجىز. فرانسىيە پايتەختى پارىژنىڭ ئەتراپى ئوچۇق تۈزلەڭلىك، مۇداپىئە قىلىش قىيىن، بۇنىڭغا ھەربىي جەھەتتە قاتتىق دىققەت قىلىش لازىم. بۇنداق ئەھۋالدا مۇستەھكەم مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى ياساش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، بىردىنبىر چارە ھەر ۋاقىت ئىشقا سالغىلى بولىدىغان ھەرىكەتچان كۈچ تەشكىللەشتىن ئىبارەت، دەپ

قارىدى. ئۇ يەنە ھازىر ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 100 مىڭ كىشى ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ، ئۇلار خىللانغان قىسىمدا ئالتە يىل ھەربىي خىزمەت ئۆتەپ بىرەر خىل مەخسۇس تېخنىكا ئىگىلىشى، ئالغا ئىنتىلىش روھى، كوللېكتىۋىزملىق روھ يېتىلدۈرۈشى لازىم، يەنە بىر تەرەپتىن ئوفىتسېرلارمۇ ماشىنىلاشقان ئۆزگىرىشچان ئۇرۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن قوماندانلىق جەھەتتە جانلىق بولۇشى لازىم، دەپ قارىدى.

دې گوللىنىڭ بۇ قاراشلىرى شۇ چاغدىكى فرانسىيىنىڭ ھەربىي، سىياسىي ساھەسىدە ئوخشاشمىغان پىكىرلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇ چاغدا دې گوللىنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى تۆۋەن، تەسىر دائىرىسى تار بولغاچقا، ئۇنى قوللىغۇچىلارمۇ كۆپ بولمىدى. دې گوللنى تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرگىنى، بۇرۇن دې گوللنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان پېشقەدەم ھەربىي ـــ مارشال پېتائىنمۇ ئىدىيىسى مۇتەئەسسىپلىككە يۈزلىنىپ، «فرانسىيە بىخەتەرلىكىنىڭ ئاساسىي ئاملى يەنىلا مۇستەھكەم قورغانلار ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان تۇتاش مۇداپىئە لىنىيىسى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھال دې گوللنى كۈچلۈك مەدەتتىن مەھرۇم قىلدى.

دې گوللىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسى پىشىپ يېتىلىۋاتقاندا، ياۋروپادا بىر مەيدان يېڭى كرىزىس بىخلىنىۋاتاتتى.

1930 ـ يىلى سېنتەبىردە گېرمانىيىنىڭ پارلامېنت سايلىمىدا ناتسىستلار پارتىيىسى بىراقلا بىرىنچى چوڭ پارتىيىگە ئايلاندى. 1933 ـ يىلى يانۋاردا گىتلېر باش مىنىستىر بولدى. ئۇنىڭ زوراۋانلىق سىياسىتى ئاستىدا گېرمانىيە «ۋېرسال تىنچلىق كېلىشىمى»، «لوكارنو ئەھدىنامىسى» قاتارلىق شەرتنامىلەرگە قارىماي ھەربىي تەييارلىقلارنى پائال كېڭەيتتى. شۇ يىلى ئۆكتەبىردە گېرمانىيە ھەربىي تەييارلىقلارنى قىسقارتىش كېڭىشى ۋە خەلقئارا ئىتتىپاقتىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى. 1935 ـ يىلى

مارتتا گېرمانىيە «ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى»نى يېڭىۋاشتىن يولغا قويۇپ، گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى 36 دىۋىزىيىگە كۆپەيتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بىر يىلدىن كېيىن ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئەسكەر چىقىرىپ رېيىن رايونىنى قايتىدىن بېسىۋالدى. گىتلېر گېرمانىيىنى ئۇرۇش يولىغا ئۇچقاندەك باشلاپ ماڭدى.

بۇ چاغدا دې گول بۇ رېئاللىقنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ يەتكەنىدى. ھالبۇكى، فرانسىيىنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي ساھەسىدىكى چوڭ ئەربابلار ماگىنو مۇداپىئە لىنىيىسى مەڭگۈ بۇزۇلمايدۇ، دېگەن ئەپسانىگە مەستانە بولۇپ كەتكەنىدى. دې گول ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرى بەزى جامائەتچىلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان ھۆكۈمەتكە يەنىلا تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى.

1934 ـ يىلى دېكابىردا دې گول باشقىلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق خەلق پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى پائۇل رېينائۇد بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىنى يەنە بىر قېتىم تونۇشتۇردى ھەمدە رېينا ئۇدنىڭ قوۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. 1935 ـ يىلى مارتتا پارلامېنت دۆلەت مۇداپىئەسى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، رېينائۇد بۇ ئورۇنلۇق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى مورىن ئىنتايىن قاتتىق پوزىتسىيە بىلەن: «بىز شۇنچە زور كۈچ سەرپ قىلىپ مۇستەھكەم (ماگىنو مۇداپىئە لىنىيىسى)نى بەرپا قىلدۇق، نېمە ئۈچۈن ئەتەي بۇ مۇداپىئە لىنىيىسىنى قايرىپ قويۇپ بىھۇدە تەۋەككۈلچىلىك قىلىدىكەنمىز؟» دېدى. مورىن ھەتتا دې گولغا قاتتىق غەزەپ بىلەن: «خەير ـ خوش، دې گول! مەن بار جايدا ساڭا ئورۇن يوق!» دېدى.

1936 ـ يىلى ئۆكتەبىردە گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيە بېرلىندا ئۆزئارا ياردەم كېلىشىمى ئىمزالاپ، بېرلىن ـ رىم ئوق مەركىزىنى شەكىللەندۈردى.

1936 ـ يىلى دېكابىردا دې گول ئاپىسىغا يازغان خېتىدە: گىتلېر قانداقمۇ ئالساس ۋە ئۆز مۇستەملىكىلىرىنى فرانسىيىگە ئۆتۈنۈپ بەرسۇن؟ ھازىر ھەممە ئىشنى گېرمانىيىگە قارشى تۇرىدىغان بارلىق كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇش قوزغىشىنى توسۇشتىن ئىبارەت پىلانغا بويسۇندۇرۇش كېرەك. ئەگەر گېرمانىيە ئۇرۇش قوزغىسا، ئۇنى مەغلۇپ قىلىش كېرەك. سۆھبەت ئۆتكۆزگەن ھالەتتىمۇ، تارىختا ناپولېئون Ⅲ بىسماركقا ئىشەنگەندەك ھازىرقى گېرمانىيىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، دېگەنىدى.

بۇ چاغدا ئەنگلىيىنىڭ تىزگىنلىشى ئارقىسىدا ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيىلەر ياۋروپانىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىدىغان بىر سودىنى باشلىغانىدى. 1938 ـ يىلى مارتتا گىتلېر ئاۋستىرىيىنى بېسىۋېلىپ، گېرمانىيىنىڭ دوناي دەرياسى بويلىرىغا كېڭىيىشى ئۈچۈن يول ئاچتى. سېنتەبىردە ئۇ يەنە چېخ ـ سلوۋاكىيىنى ساتىدىغان ۋە ئۇرۇشقا باشلايدىغان «ميۇنخېن كېلىشىمى» نى ئىمزالىدى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن گېرمانىيە چېخ ـ سلوۋاكىيىنى پۈتۈنلەي بېسىۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب فرانسىيىگە كەلگەن ئاپەت

1939 ـ يىلى 1 ـ سېنتەبىردە گېرمانىيە پولشاغا تاجاۋۇز قىلدى. بۇ چاغدا مەيلى دې گول بىلەن رېينائۇد بولسۇن ياكى دالادىېر بىلەن چېمبېرلىن بولسۇن، بۇ ئۇرۇشنى توسۇشقا قۇربى يەتمەيدىغان پاسسىپ قاراپ تۇرغۇچى بولۇپ قالغانىدى.

1939 ـ يىلى مارتتىلا ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېمبېرلىن پارلامېنتتا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى پولشانىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغدايدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ھالبۇكى، «لوكارنو ئەھدىنامىسى»دە پولشانىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە كېپىللىك بەرگەن فرانسىيىلىكلەرمۇ 19 ـ مارتتا پولشا ئۈچۈن ھەربىي مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى. فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ باش شتاب باشلىقى گېنېرال گامېلىن پولشا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىغا، فرانسىيە ئۇرۇش باشلىنىپ ئۈچىنچى كۈنى پولشانى مەلۇم ياردەم بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، 15 ـ كۈنى ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغايدۇ، دەپ ئۇمىدۋارلىق بىلەن كاپالەت بەرگەنىدى. بۇخىل بېسىم ئاستىدا ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە 3 ـ سېنتەبىردە گېرمانىيىگە ئورتاق ئۇرۇش ئېلان قىلدى، لېكىن ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ھەربىي ھەرىكەت قوللانمىدى.

گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ «ساختا ئۇرۇش» ھالىتىدىن پايدىلىنىپ، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئەسكىرىي كۈچىنى شەرقىي فرونتتىكى ئۇرۇشقا سېلىپ، غەربىي فرونتتا ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ 110 دىۋىزىيىسى بىلەن تىركىششكە 25 لا دىۋىزىيىنى قالدۇردى. نەتىجىدە 16 كۈن ئىچىدىلا پولشا گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قالدى.

دې گول بۇ خىل رېئاللىقتىن قاتتىق قايغۇردى. ئۇ مۇنداق ئىككى ئىشتىن ئەنسىرەيتتى. بىرى، گېرمانىيە برونېۋىك قىسىملىرىنى ئىشقا سېلىپ پولشاغا چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىپ، توسالغۇسىز ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ھالبۇكى، غەربتىكى بېلگىيىنىڭ ئالدىنقى سېپى بىر قېتىملىق زەربىگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىيونلار قارىغۇلارچە ئۇمىدۋار ئىدى. ئارمىيىنىڭ تېخنىكىسى قالاق، كۈرەش ئىرادىسى ئاجىز ئىدى. 1940 ـ يىلى يانۋاردا دې گول «ماشىنىلاشقان قىسىمنىڭ بارلىققا كېلىشى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ئەسلەتمە يېزىپ، ئاساسلىقى سىياسىيونلارنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇندى. لېكىن، ئۇلار بۇنىڭغا قىلچە ئېتىبار قىلمىدى.

1940 ـ يىلى 10 ـ مايدا گىتلېر يەنە بىر قېتىم چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قوزغاپ گوللاندىيە ۋە بېلگىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ، «غەربىي فرونتتىكى ئۇرۇشسىز» تىنچ ۋەزىيەتنى يەنە بىر قېتىم بۇزۇپ تاشلىدى. 14 ـ مايدا گوللاندىيە ئارمىيىسى تەسلىم بولدى. بۇ چاغدا فرانسىيە ۋەزىيىتىنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. دې گول 4 ـ برونېۋىك دىۋىزىيىسىگە قوماندانلىق قىلىشقا بەلگىلەندى. دۈشمەننىڭ پارىژغا تاجاۋۇز قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن دې گول تانكا دىۋىزىيىسىنى باشلاپ لائون رايونىدا مۇستەقىل جەڭ قىلىدىغان بولدى.

دې گول بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا قوماندانلىق شتابى قۇردى ھەمدە ماشىنا بىلەن ئەتراپتىكى رايونلارنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ ئەسكىرىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، نېمىس ئارمىيىسى تەۋەككۈلچىلىك بىلەن بېسىپ كېلىۋاتقاندا تانكىدىن پايدىلىنىپ يول بويى دۈشمەننى سۈر ـ توقاي قىلىپ، مونكېلېنغا تېز سۈرئەتتە يېتىپ باردى. بۇ قىسقا ۋاقىتتىلا قولغا كەلتۈرۈلگەن، كىشىنىڭ روھىنى

ئۇرغۇتىدىغان غەلىبە ئىدى، لېكىن گېرمانىيە ئارمىيىسى تاجاۋۇز قىلىشنى ئۆزۈندىن بېرى پىلانلاپ كەلگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچى ئالدىدا فرانسىيە ئارمىيىسى قىلچە تەجرىبىسىزلا ئالدىراپ ـ تېنەپ جەڭگە ئۆتۈپ، مەغلۇبىيەت گىردابىغا پېتىپ قالدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن دې گول گېنېرال بىرىگادىرلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، بۇيرۇققا بىنائەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ ئۈچ كۈن ئىچىدىلا دۈشمەن قوشۇنىنى تەخمىنەن توققۇز ئىنگلىز مىلى ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلىپ، 500 ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى ھەمدە نۇرغۇن غەنىيمەتكە ئېرىشتى. ئۇنىڭ باتۇرلۇق روھى، تولۇپ تاشقان غەزەپ ـ نەپرىتى ئۇنى توختاۋسىز ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرغانىدى. لېكىن، داۋاملىق جەڭ قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغانىدى. چۈنكى، تۆت كۈننىڭ ئالدىدا بېلگىيە ئارمىيىسىنىڭ 300 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى قۇدرەتلىك گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا يەككە ـ يېگانە قالغانىدى. دۇنكىرك ساھىلىغا چوڭ ـ كىچىك كېمىلەر ئەۋەتىلىپ، نەچچە يۈز مىڭ ئەنگلىيە ـ فرانسىيە ئەسكىرىنىڭ ئەنگلىيىدىكى ئۈچ ئارالغا چېكىنىشىگە ياردەم بەردى. لېكىن، ئېغىر ـ يېنىك قوراللارنىڭ ھەممىسى تۈگىشىپ كەتتى. 5 ـ ئىيۇن گېرمانىيە ئارمىيىسى سېداندىن ئابېۋىلغىچە بولغان يايسىمان ئۇرۇش سېپىدىن فرانسىيە ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى. فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابى پارىژنى «مۇداپىئەسىز شەھەر» دەپ ئېلان قىلدى. پارىژلىقلار ئۆيلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە باشلىدى. پۈتۈن شەھەر مالىمانچىلىشىپ، جەنۇبقا بارىدىغان تاشيوللارغا ئۇرۇشتىن قاچقان كىشىلەر تولۇپ كەتتى. قىلچە كۈرەش ئىرادىسى بولمىغان فرانسىيە ئەسكەرلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. ھۆكۈمەتمۇ بوردۇ ۋە تۇرسقا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. 1940 ـ

يىلى مارتتا باش مىنىستىر بولغان رېينائۇد گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە 5 ـ ئىيۇن ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، ئەمدىلا گېنېرال بىرىگادىرلىققا ئۆستۈرۈلگەن دې گوللىنى دەرىجە ئاتلىتىپ دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرلىقىغا ئۆستۈردى. بۇ دې گوللنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم بۇرۇلۇش بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ھەربىي ساھەدىن سىياسىي ساھەگە قەدەم قويۇپ، ئەگرى ـ توقاي ۋە مول مەزمۇنلۇق سىياسىي ھاياتىنى باشلىدى.

گىتلېرنىڭ چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇشى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ خام خىياللىرىنى تەلتۆكۈس بەربات قىلدى. 10 ـ ئىيۇندا مۇسسولىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىتالىيە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، جەنۇب تەرەپتىن فرانسىيىگە ھۇجۇم قىلدى، بۇ شۈبھىسىزكى، ئارقىدىن پىچاق ئۇرغانلىق ئىدى. 14 ـ ئىيۇن گېرمانىيە ئارمىيىسى پارىژنى ئىشغال قىلدى.

ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ يامانلىشىشىغا ئەگىشىپ فرانسىيە ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيە ئىچىدىكى ئۇرۇشنى ياقلىغۇچىلار بىلەن تىنچلىقنى ياقلىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشمۇ كۈنسايىن كەسكىنلەشتى. باش قوماندان ۋېيگاند، مۇئاۋىن باش مىنىستىر پېتائىن باشچىلىقىدىكى بىر تەرەپ يارىشىشنى تەشەببۇس قىلدى. باش مىنىستىر رېينائۇد، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ماندال ۋەكىللىكىدىكى بىر تەرەپ داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. دې گوللىنىڭ ئىدىيىسى ئۇرۇشنى ياقلىغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلاتتى، ئۇ باش مىنىستىر رېينائۇدقا دوكلات قىلغاندا: بىز ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا ئۇرۇش قىلىشتا ئىمكانىيەتنىڭ بارچە چېكىگە يەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، فرانسىيە ئىمپېرىيىسى دائىرىسىدە داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا

تەييارلىنىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇناسىپ سىياسەت بولۇشى كېرەك. يەنى ئۇرۇش بايلىقىنى شىمالىي ئافرىقىغا يۆتكىشىمىز، بۇ خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىشقا قابىل رەھبەرنى تاللاپ قويۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ پىكرى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلىشىمىز كېرەك، دېدى. دې گول يەنە بۇ بۇيرۇقنى مەن ئىجرا قىلاي، دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. باش مىنىستىر رېينائۇد ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلتقا ياردەم تەلەپ قىلىپ تېلېگىرامما ئەۋەتىدىغان بولدى.

دې گول لوندونغا بېرىپ ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېرچىل بىلەن كۆرۈشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ بوردونىڭ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ، ئۇرۇشنى ياقلىغۇچىلارنىڭ ئۇتۇشسىز ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيىدىكى فرانسىيە، ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرى بىرلىشىپ «ئەنگلىيە ــ فرانسىيە مەڭگۈلۈك ئىتتىپاقى» قۇرۇش لايىھىسى تەييارلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭدا ئۇرۇش ۋاقتىدا ئىككى دۆلەت بىرلىككە كەلگەن ئىچكى كابىنېت، پارلامېنت، قوماندانلىق شتابى تەشكىل قىلىدۇ، چەت ئەلدىكى بايلىقلار، دېڭىز ئارمىيىسى ۋە سودا كېمىلىرى قاتارلىقلاردىن ئورتاق پايدىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. دې گول بۇنىڭدىن قاتتىق ئىككىلەندى، بىر تەرەپتىن، ئۇ ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بار، مەنپەئىتى دېگەندەك ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ، «مەڭگۈلۈك ئىتتىپاق» قۇرۇش ياخشى ئۇسۇل ئەمەس، دەپ ئويلايتتى. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ھازىرقى ۋەزىيەتتە ئەڭ مۇھىمى داۋاملىق ئۇرۇش قىلىش، پەۋقۇلئاددە تەدبىر قوللانغاندىلا جەڭگىۋارلىقنى ئاشۇرۇپ، خەتەرلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشىغىلى بولىدۇ، دەپ قاراپ بۇ لايىھىنى قوللاش قارارىغا كەلدى.

ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېتى بۇ لايىھىنى تەستىقلىغاندىن

كېيىن، دې گول ئىچكى كابىنېت يىغىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان رېينائۇدقا دەرھال تېلېفون بېرىپ لايىھىنى ئوقۇپ بەردى. لېكىن، ۋېيگاند فرانسىيە زۇڭتۇڭىغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئەگەر ھۆكۈمەت ئۇرۇش توختىتىشنى ئوتتۇرىغا قويمىسا، فرانسىيە ئارمىيىسى يىمىرىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ، دېدى. بۇ چاغدا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلتمۇ جاۋاب تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشمايدىغانلىقىنى، پەقەت فرانسىيىگە چەكلىك ماددىي ئەشيا ۋە قورال - ياراغ ياردەم قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭ بىلەن يارىشىش تەرەپدارلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئەنگلىيە - فرانسىيە ئىتتىپاقى قۇرۇش تەكلىپى رەت قىلىندى.

16 - ئىيۇن كەچ سائەت 9 يېرىمدا دې گول ئەنگلىيە ئايروپىلانى بىلەن بوردوغا قايتىپ كەلدى، لېكىن باش مىنىستىر رېينائۇد سائەت 8دە يىغىلىپ ئىستېپا بەرگەن بولۇپ، زۇڭتۇڭ لېبرون يارىشىش تەرەپدارلىرىنىڭ كاتتىۋېشى مارشال پېتائىننى ھۆكۈمەت تەشكىللەشكە تەكلىپ قىلغانىدى. پېتائىننىڭ تەختكە چىقىشى تەسلىم بولۇشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. شۇ كۈنى دې گول تۈن بويى كىرپىك قاقمىدى. ھەربىينىڭ بۇيرۇققا بويسۇنۇشتىن ئىبارەت بۇرچىغا قانائەت قىلىپ ئۆتۈش كېرەكمۇ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ خائىنى، ئارمىيىنىڭ قاچقۇنى بولۇپ، فرانسىيىنىڭ ئەركىنلىك، مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جەڭ قىلىش كېرەكمۇ؟ ئۇ قايتا - قايتا ئويلىنىپ ئاخىرىغىچە جەڭ قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ لوندوندا چېرچىل بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ گېرمانىيىگە قارشى تۇرۇشتىكى ئوي - پىكرىنى چۈشىنىپ قالغانىدى، شۇڭا ئەنگلىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلدى، دې گول ئۆز ئويىنى سابىق باش مىنىستىر رېينائۇدقا ئېيتقانىدى، ئۇ مەخپىي پۇلدىن دې گولغا 100 مىڭ فرانك ئاجرىتىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى، لېكىن مۇئاۋىن قۇرۇقلۇق

ئارمىيە مىنىستىرى بولغان دې گول ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا يەنە لوندوندىلا ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ، فرانسىيىنىڭ بوردوغا ماڭغان «باستېد» ناملىق پاراخوتىنى يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ ئەنگلىيە پورتىغا بېرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا تېلېگىرامما ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. بۇ پاراخوتتا ئامېرىكىدىن ئەكەلگەن 1000 دانە 75 مىللىمېتىرلىق زەمبىرەك، نەچچە مىڭ دانە پىلىموت ۋە نۇرغۇن ئوق ـ دورا بار ئىدى، دې گول بۇ مۇھىم قورال ـ ياراغلارنى گېرمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاپ، دېڭىزدىن چېكىنىپ چىققان فرانسىيە يىراققا يۇرۇش قىلغۇچى قوشۇنىنى يېڭىۋاشتىن قوراللاندۇردى.

17 ـ ئىيۇن چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دا، دې گول گېنېرال سپېرس ۋە لېيتېنانت دېكسېلنىڭ ھەمراھلىقىدا ئايروپىلان بىلەن ئەنگلىيىگە ماڭدى. بۇ مۇھىم پەيت بولۇپ، فرانسىيىنىڭ گېرمانىيىگە قارشى كۈرىشىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدىن دېرەك بېرەتتى.

دې گول ئەنگلىيىگە ماڭغان كۈنى كەچتە پېتائىن «ئۇرۇش توختىتىلسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. 22 ـ ئىيۇن پېتائىن گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزدى. كېلىشىمدە، فرانسىيىنىڭ شىمالىي قىسمى ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيانغا تۇتاشقان دېڭىز بويىدىكى رايونلار گېرمانىيىنىڭ ئىشغالىيىتىدە بولىدۇ، غەربىي قىسمىنى پېتائىن ھۆكۈمىتى ئىدارە قىلىدۇ، پايتەخت ۋىشىدا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى.

5 ـ ئىيۇلدا ۋىشىدىكى فرانسىيە يېڭى ھۆكۈمىتى بۈيۈك برىتانىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئالتە كۈندىن كېيىن مارشال پېتائىن دۆلەت رەھبىرى بولۇپ سايلىنىپ زۇڭتۇڭنىڭ ئورنىنى ئالدى. شۈبھىسىزكى، بۇ فرانسىيە جامائەتچىلىكىنىڭ قىلچە كۈرەش ئىرادىسى يوقلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى

قۇدرەتلىك كونا مۇستەملىكىچى دۆلەت فرانسىيىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا گېرمانلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا تىز پۈكىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ فرانسىيىلىكلەر تۆت يىلدىن ئۇزاق ۋاقىت مەھكۇملۇقتا ئۆتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب فرانسىيەنىڭ ئىلتىجاسى

چېكىنىشكە يول يوق ئىكەنلىكى دې گولنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئۇ ئۆز نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نىشانغا قانداق يېتىشنىڭ يولىنى تاپالماي گاڭگىراپ قالغانىدى.

دې گول رېئالىزملىق پوزىتسىيە بىلەن ئىشنىڭ مۇھىملىق تەرتىپى بويىچە ئاۋۋال كۈرەش نىشانىنى جاكارلاش، ئاندىن قورال ـ ياراغقا ئىگە بولۇش، ئاخىرىدا بىر قوشۇن بەرپا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئىشنىڭ ئوڭ كېلىۋاتقان تەرىپى، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېرچىلنىڭ پوزىتسىيىسىمۇ دې گولغا ئوخشاشلا قەتئىي ئىدى. 18 ـ ئىيۇن دې گول پېتائىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇش توختىتىشقا بويرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېرچىلنى تېپىپ ئەنگلىيە رادىئو شىركىتىنىڭ رادىئو ئىستانسىسىنى ئىشلىتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دە دې گول فرانسىيىگە تۇنجى قېتىم رادىئو نۇتقىنى سۆزلىدى. بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك پەيت ئىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ، بولۇپمۇ فرانسىيىدە دې گول «18 ـ ئىيۇن قەھرىمانى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. لېكىن، كىشىلەر ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئۇلۇغ پەيتنىڭ ئەھمىيىتىنى قىلچە چۈشىنىپ يەتمىگەن، ھەتتا بۇ رادىئو نۇتقىنى ئۇنىئالغۇغا خاتىرىلەپمۇ قويمىغانىدى:

*ماڭا ئىشىنىڭلاركى، مەن ئەمەلىيەتنى تولۇق چۈشىنىپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتىمەن، فرانسىيە تۈگەشكىنى يوق، بىزنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارغان ئاشۇ ئامىللار ئاخىر بىر كۈنى بىزنى مەغلۇبىيەتتىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ.*

*فرانسىيە يەككە - يېگانە ئەمەس، فرانسىيە يېتىم قالغىنى يوق. فرانسىيىگە بىر چوڭ ئىمپېرىيە يار - يۆلەك بولۇۋاتىدۇ. فرانسىيە دېڭىزنى تىزگىنلەپ تۇرغان ھەمدە داۋاملىق ئۇرۇش قىلىۋاتقان برىتانىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزەلەيدۇ، فرانسىيىمۇ ئەنگلىيىگە ئوخشاش ئامېرىكىنىڭ غايەت زور سانائەت بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنالايدۇ.*

*مەن گېنېرال دې گول بولىمەن. ھازىر لوندوندا تۇرۇۋاتىمەن. ئەنگلىيە زېمىنىدا تۇرۇۋاتقان ۋە كەلگۈسىدە ئەنگلىيە زېمىنىغا كېلىدىغان بارلىق قورال - ياراغ زاۋۇتلىرىنىڭ ئىنژېنېرلىرى ۋە تېخنىك ئىشچىلىرىنىڭ مەن بىلەن ئالاقە باغلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.*

*قانداق ئىش يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر، فرانسىيىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش يالقۇنى ئۆچۈپ قالماسلىقى كېرەك ھەم مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.*

شۇ كۈنى ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى چېرچىلمۇ مەشھۇر نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ فرانسىيە ئۇرۇشىنى ئەسلەپ ئۆتتى، شۇنداقلا برىتانىيە ئۇرۇشىنىڭ پات ئارىدا باشلىنىدىغانلىقىدىن ئالدىن بېشارەت بەردى ھەمدە: «شۇڭا بىز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز، جەسۇرانە جەڭ قىلىشىمىز كېرەك، بۇ ئارقىلىق برىتانىيە ئىمپېرىيىسى ۋە ئەنگلىيە فېدېراتسىيىسى 1000 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان بولسا، كىشىلەر بۇ بىزنىڭ ئەڭ شانلىق دەۋرىمىز ئىدى دېيەلەيدۇ» دەپ ئۈنلۈك مۇراجىئەت قىلدى.

ۋىشى ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان چاغدا دې گول لوندوندا دەرھال رادىئو باياناتى ئېلان قىلىپ كەسكىن ھالدا، ۋىشى ھۆكۈمىتى دۈشمەن دۆلەتكە تەسلىم بولۇپ نەزەردىن چۈشۈپ كەتتى، دەپ كۆرسەتتى ھەمدە «ئەركىن فرانسىيە ھەرىكىتى» قۇرغانلىقىنى رەسمىي جاكارلاپ، «ئەركىنلىك دۇنياغا مەنسۇپ، شان - شەرەپ ۋەتەنگە مەنسۇپ!» دەپ خىتاب قىلدى. پېتائىن ھۆكۈمىتى 19 -

ئىيۇندىلا ئاخبارات ئېلان قىلدى. دې گول ھۆكۈمەت ئەزالىقىدىن قالدۇرۇلدى. دەرھال دۆلەتكە قايتىپ كەلسۇن، دەپ چاقىرىلدى. 24 ـ ئىيۇندا يەنە ئۇنىڭ ھەربىي تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. 30 ـ ئىيۇندا فرانسىيىنىڭ ئەنگلىيىدىكى باش ئەلچىخانىسى ئۇنىڭغا دۆلەتكە قايتىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، ھەربىي سوتنىڭ ھۆكۈمىنى كۈتۈشنى ئۇقتۇردى. كېيىن، ۋېيگاندىنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن دې گولغا «ئۆلۈم جازاسى» ھۆكۈم قىلىندى.

ۋەتەن ساتقۇچ ھۆكۈمەتنىڭ بۇ رەزىل قىلمىشلىرى دې گولنى يوق قىلىۋېتەلمىگەننىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ جامائەت ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى ئۆستۈردى. 28 ـ ئىيۇن ئەنگلىيە دې گولنى «بارلىق ئەركىن فرانسىيىلىكلەرنىڭ داھىيسى» دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلدى. لېكىن، دې گولنىڭ باشقا پائالىيەتلىرى ئوڭۇشلۇق بولمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈرەش نىشانىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىنلا ئەركىن فرانسىيە قوراللىق قوشۇنىنى تەشكىللەشكە تۇتۇش قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ، فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ نۇرغۇن يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللىرىغا خەت يازغان ياكى تېلېگرامما ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھېچقايسىسى دې گولنىڭ تەشەببۇسىغا ئىنكاس بىلدۈرمىدى. نۇرغۇن كىشىلەر «گېنېرال» دې گول دېگەن كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دې گول قارا نىيەت، نام ـ مەنپەئەت قوغلىشىدىغان، تەختتىن چۈشكەن رېينائۇد ئىچكى كابىنېتى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىنى غەم ـ ئەندىشىگە سالىدىغان ئاشۇ كۈنلەردە دې گولنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە قوشۇلىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈمەت تەسلىم بولسىلا بارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتتىن مەھرۇم بولىدۇ، دەپ قارايتتى. لېكىن، كۆپ سانلىق كىشىلەر پېتائىن ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ

باقمىغانىدى. دې گول كۆڭلى قاتتىق پاراكەندە بولسىمۇ، لېكىن ئىرادىسىدىن قەتئىي يانمىدى. ئۇ: «مېنىڭ كۆچۈم چەكلىك، يەككە - يېگانە، شۇڭا چوقۇم يۇقىرى پەللىگە يامىشىپ چىقىشىم، مەڭگۈ ئارقىغا يانماسلىقىم لازىم!» دېگەنىدى.

ئەركىن فرانسىيە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە پەقەت بىر قارشىلىق كۆرسىتىش تەشكىلاتىلا ئىدى، ئۇنى «ھۆكۈمەت» دەپ قارىمايتتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىمۇ بۇ تەشكىلاتقا دې گولدىن ئابرۇيلۇق ياكى ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ئىگە فرانسىيىلىكلەرنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن، ئەنگلىيە تەرەپ بۇنىڭغا خېلى ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، قىلچە نەتىجە چىقمىدى. شۇڭا، 23 - ئىيۇن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بوردو ھۆكۈمىتى گىتلېرغا پۈتۈنلەي باش ئېگىپ، ئەركىن فرانسىيە پۇقرالىرىنى بارلىق ئەركىنلىك ۋە ھوقۇق - مەنپەئەتتىن مەھرۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مۇستەقىل دۆلەتنىڭ ھۆكۈمىتى دەپ قارىمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا: «ئەنگلىيە پادىشاھلىق ھۆكۈمىتى فرانسىيە ۋاقىتلىق مىللىي كومىتېت قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپكە دىققەت قىلدى، بۇ كومىتېت ئۇرۇش قىلىپ فرانسىيىنىڭ خەلقئارا مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا بەل باغلىغان مۇستەقىل فرانسىيە خەلقىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلغۇسى. پادىشاھ ئالىيلىرى ھۆكۈمىتى ۋاقىتلىق فرانسىيە مىللىي كومىتېتىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە بۇ كومىتېت ئورتاق دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىغان بارلىق فرانسىيىلىكلەرگە داۋاملىق ۋەكىللىك قىلسىلا، ئۇرۇش قىلىشقا دائىر بارلىق ئىشلار توغرىسىدا بۇ كومىتېت بىلەن ئالاقە باغلاشنى خالايدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ» دەپ بايانات ئېلان قىلدى. ۋەزىيەت پەيدىنپەي ياخشىلىنىشقا باشلىدى. 29 - ئىيۇندا دې گول لىۋېرپول ئەتراپىدىكى ترونتوم باغچىسىغا بېرىپ، چەت ئەللىك

ئەسكەرلەر پولكى 13 ـ بىرىگادىسىنىڭ ئىككى باتالىيونىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى، 200 نەپەر ئالىپ تىغى پىيادە ئەسكىرىنى، بىر تانكا روتىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى كۆچىنى، بىر قىسىم زەمبىرەكچى ئەسكەرلەرنى، قورۇلۇش ئەسكەرلىرى ۋە خەۋەرلىشىش ئەسكەرلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە ھاللوۋس باغچىسىدا بىرنەچچە دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلدى، ئىككى سۇ ئاستى پاراخوتى بىلەن بىر چارلىغۇچى پاراخوت دې گولنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. سانتاتائىپىندا تۇرۇۋاتقان نەچچە ئون ئۇچقۇچى كېيىن ئەركىن فرانسىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ يادروسى بولۇپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيىگە ئاز ـ ئازدىن كېلىۋاتقان پىدائىيلامۇ دې گولنى زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇردى. بۇ كىشىلەرنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇھىملىقىنى سان بىلەن ئۆلچەپ بولمايتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى فرانسىيىدىن ئىسپانىيە ئارقىلىق قېچىپ كەلگەنىدى، بەزىلىرى شىمالىي ئافرىقىدىن جەبىلتارىق ئارقىلىق قېچىپ كەلگەنىدى. مېن ـ نوبېس شەھىرىدىكى① 200 نەپەر يارىدار ئەركىن فرانسىيىگە تەسلىم بولۇشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر بېلىقچى كېمە ئەترىتى برىتانىيىدىن② قىرغاق بويلاپ سېپىنا ئارىلىقىدىكى قاۋۇل ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەنگلىيىگە توشۇدى. ئۇلارنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ كۆپەيدى، ھەر كۈنى نەچچە ئون مىڭ پارچە خەت ـ چەك كېلىپ تۇرىدىغان بولدى، بۇ ھال دې گولنىڭ چەت ئەللەردىكى شۆھرىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى.

13 ـ ئىيۇل دې گول: «فرانسىيىلىك قېرىنداشلار! شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىڭلاركى، سىلەرنىڭ بىر جەڭگىۋار قوشۇنۇڭلارمۇ

---

① مىسىردىكى قەدىمكى شەھەر.

② فرانسىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاتلانتىك ئوكياندىن چىقىپ تۇرغان يېرىم ئارال.

بار» دەپ جاكارلىدى. 14 ـ ئىيۇل دې گول ۋەتەنپەرۋەر فرانسىيە ئەسكەرلىرىنى ئىككى كۈن ۋەتىنى خالىغا① يىغىلغان كىشىلەر ئالدىدا ئۆزىنىڭ 7000 دىن ئارتۇق ئادەمگە ئىگە قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە مارشال فوشنىڭ ھەيكىلى ئالدىغا ئۈچ خىل رەڭلىك گۈلچەمبىرەك قويدى. 21 ـ ئىيۇل تۇنجى تۈركۈمدىكى ئۇچقۇچىلار رۇر رايونىنى بومباردىمان قىلىشقا قاتناشتى. دې گول ئەركىن فرانسىيە قايتىدىن جەڭگە ئاتلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە لوررائىن كرېست بايرىقىنى ئەركىن فرانسىيە قوراللىق كۈچلىرىنىڭ بەلگىسى قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. 24 ـ ئاۋغۇستتا ئەنگلىيە پادىشاھى گېئورگى VI مۇ ئالايىتەن كېلىپ بۇ قوشۇننى كۆزدىن كەچۈردى. بۇ ئەنگلىيىنىڭ رەسمىي ئېتىراپ قىلغانلىقىنىڭ بىر خىل شەكلى ئىدى.

7 ـ ئاۋغۇستتىلا ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېرچىل بىلەن دې گول بىر تۈرلۈك رەسمىي كېلىشىم ئىمزالىدى. دې گول كېلىشىمنىڭ بەزى ماددىلىرىدىن قانائەتلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ كېلىشىم دې گولنىڭ فرانسىيىنى تىرىشىپ قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشىدىكى ئۇل تېشى ئىدى. كېلىشىمدە ئەنگلىيىلىكلەر «فرانسىيىنىڭ مۇستەقىللىقى، بۈيۈكلۈكىنى مۇكەممەل ئەسلىگە كەلتۈرۈش» كە ماقۇل بولدى. دې گولنىڭ شەخسىي ھوقۇق دائىرىسىنى بەلگىلەيدىغان چاغدا كەسكىن مۇنازىرە بولدى، دې گول رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەرقانداق بىرلەشمە ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلىشنىڭ ئالىي ھوقۇقى ئەنگلىيىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. كېلىشىمنىڭ 2 ـ ماددا 6 ـ تارمىقىدا دې گول ئەركىن فرانسىيە قوراللىق كۈچلىرىنىڭ باش قوماندانى دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن «ئەنگلىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئومۇمىي يوليورۇقلىرى» نى قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە دې گول ئۆزىنىڭ بىر قىسىم قوشۇنىنى ئەنگلىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ قوماندانلىق قىلىشىغا تاپشۇرۇشنى خالايدۇ، دەپ ئەسكەرتىلگەنىدى.

① لوندوندىكى مۇھىم ھۆكۈمەت ئورگانلىرى جايلاشقان كوچا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېلىشىمدە بەزى ھاقارەتلىك بەلگىلىمىلەرمۇ بار ئىدى، مەسىلەن، 4 ـ ماددىنىڭ 1 ـ تارمىقىدا ئەركىن فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ بارلىق راسخوتىنى ۋاقىتىنچە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بېرىپ تۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. 10 ـ ماددىنىڭ 2 ـ تارمىقىدا يەنە، بارلىق چىقىملار ئايرىم ھېسابقا ئولتۇرغۇزلۇپ كېيىن قايتۇرۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى (ئەمەلىيەتتە، خۇددى دې گولنىڭ ئېيتقىنى بىلەن بايان قىلغىنىدەك، ئۇرۇش ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، ئالدىن بېرىپ تۇرۇلغان پۇللارنىڭ ھەممىسى تولۇق قايتۇرۇلغانىدى).

«چېرچىل ـ دې گول» دەپ ئاتالغان بۇ كېلىشىم بۇ ئىككى رەھبەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. چېرچىل ئەمەلىيەتتە دې گولنىڭ يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانىدى.

فرانسىيەنىڭ چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن مۇستەملىكىلىرى ئىچىدە ئافرىقا گەۋدىلىك ئورۇن تۇتاتتى. شۇڭا، دې گول ئۆزىنىڭ قۇراللىق قوشۇنىنى قۇرغاندىن كېيىنلا دىققەت مەركىزىنى ئافرىقىغا يۆتكىدى. كەلگۈسىدىكى ياۋروپانى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا ئافرىقىنىڭ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا ئۆتۈشتىكى كۆچلۈك تايانچ پونكىت بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

دې گول فرانسىيە تەسلىم بولغاندىلا فرانسىيەنىڭ ئافرىقىدا تۇرۇشلۇق نۇرغۇن قىسىملىرى بىلەن ئالاقىلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ نامى چىقمىغان برىگادا گېنېرالىنى ھېچكىم كۆزگە ئىلمىغانىدى. ئۇلار ۋىشى ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپەئەت بىلەن قىزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا ئۆزلىرىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى ۋىشى ھۆكۈمىتىگە ئىككى قوللاپ ئۆتۈنۈپ بەرگەنىدى. ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي رايونلىرىدىكى 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇندىن ئاران بىرنەچچە يۈزلا ئادەم ئەركىن فرانسىيە تەرەپكە

ئۆتتى، ئىسكەندىرىيە فلوتىدىن ئالتە نەپەر ئوفىتسېر، 20 ـ 30 دەك ۋاررانت ئوفىتسېر ۋە ماتروسلارلا دې گول تەرەپكە ئۆتتى.

لېكىن، يىراقراق بولغان غەربىي ئافرىقا ۋە ئېكۋاتور ئافرىقىسىدا ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن ئۈمىد باردەك قىلاتتى، ئۇ جايدىكى كىشىلەردىن گېنېرال دې گولغا ئىلھام بېرىدىغان نۇرغۇن خەت ـ چەكلەر كېلىپ تۇراتتى. كامېرون ۋە چادتا تەسلىمچىلىككە قارشى تېخىمۇ كۈچلۈك دولقۇن كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر ناۋادا گېرمانىيە غەلىبە قىلسا بۇ مۇستەملىكىلەر قايتىدىن گېرمانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. جامائەت قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى موكلېرنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر ھەرىكەت كومىتېتى قۇرۇلۇپ، دې گولنى قوللايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. چادتا دې گول «ئوت يۈرەك فرانسىيىلىك نېگىر» دەپ ئاتىغان باش ۋالىي ئېبېئېر ئاشكارا باياناتى قىلىپ، دې گولنى قوللاشقا ھەر ۋاقىت تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئافرىقىنىڭ فرانسىيە ھامىيلىقىدىكى باشقا رايونلىرىدا ئىنكاس ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. گېنېرال دې گول بۇ خىل ۋەزىيەتنى كۆرۈپ، ئىشنى ۋەزىيەتتىن پايدىلىق بولغان چاد، كامېرون ۋە كونگو قاتارلىق جايلاردىن باشلاشنى دەرھال قارار قىلدى. دې گول ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكە ئىشلىرى ۋەزىرى لورد لائودېرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنىڭ بىرنەچچە خۇسۇسىي ۋەكىلىنى ناھايىتى تېزلا ئافرىقىغا ئەۋەتتى.

بىرىنچى تۈركۈمدە بارغانلار ئىچىدە پىلېۋون، مايور پاللان، لې كلاير ۋە دې گولنىڭ ئىچكى كابىنېت خوجىدارى ئېستىئى دې بوئىلا بىنىز قاتارلىقلار بار ئىدى. بىرىنچى بېكەت چادتىكى فورت لامىي ئىدى. ئۇلار باش ۋالىي ئېبېئېر بىلەن كۆرۈشۈپ، چادنى ئامال قىلىپ ئەركىن فرانسىيىگە بېقىندۇرۇپ، ئاندىن دۇئالاغا بېرىپ موكلېر ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەت كومىتېتىنىڭ

پىلانلىق «سىياسىي ئۆزگىرىش» قىلىشقا ياردەملىشىپ، كامېروننىڭ دې گول تەرەپكە ئۆتۈشىنى قولغا كەلتۈرەلىگۈچى بولدى. بۇ بىرنەچچە ياش ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى. ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا چاد، كامېرون، كونگو ۋە ئۇبانگىرنىڭ ھەممىسى دې گول تەرەپكە ئۆتتى. بۇ فرانسىيە فاشىزمغا قارشى جەڭچىلىرىنىڭ زور غەلىبىسى ئىدى.

ئەركىن فرانسىيىنىڭ بۇ داھىيىسى داكارغا بىر قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك يۈرۈش قىلغىلى بولسا، سېنېگالنى، شۇنداقلا فرانسىيىگە قاراشلىق شىمالىي ئافرىقىدىكى باشقا جايلارنىمۇ ئۆز بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلغانىدى. لېكىن، ئويلىمىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ دې گولنىڭ پىلانى مەغلۇپ بولدى. لوندوندىكى گېزىتلەر بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنى دې گولغا ئارتىپ قار ـ يامغۇردەك تىل ياغدۇردى، ۋىشى ھۆكۈمىتى بولسا دې گولنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىدا ئۇچرىغىنىغا گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى ھەمدە ماراكەشتىن ئايروپىلان چىقىرىپ جەبىلتارىقنى بومباردىمان قىلدى.

لېكىن، بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت بىلەن ھەممە ئىش تۈگىشىپ كەتمىدى. چېرچىل ئەنگلىيە تۆۋەن پالاتاسىدا سۆز قىلىپ، دې گولنىڭ ئىرادىسىنى كۆرۈپ، بۇ گېنېرالغا بۇرۇنقى ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك ئىشىنىدىغان بولدۇم، دېدى. دې گولنىڭ ئاز ساندىكى ئەگەشكۈچىلىرىمۇ ئۇنىڭغا يەنىلا قەتئىي سادىق بولدى. بۇنداق ئوچۇق ـ ئاشكارا يېقىنچىلىق بىلدۈرۈش دې گولنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ تىز پۈكمەس فرانسىيىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغانلىقىنى، چوقۇم بۇ يېڭى ئوبرازغا مۇناسىپ ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆز تەرجىمىھالىدا، بۇ مەن ئۈچۈن ئېغىر يۈك، دەپ يازغانىدى.

فورت لامىيغا قايتىپ كېلىپلا گېنېرال كارترۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش دې گولنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى، چېرچىل

لوندوندا بۇ گېنېرالنى قوبۇل قىلغاندا، راسا ماختاپ ئۇچۇرغانىدى. دې گول چېرچىلنىڭ بۇ گېنېرالنى مېنىڭ ئورنۇمغا دەسسىتىش خىيالى بار ئىكەن، دەپ پەرەز قىلدى. دې گول فورت لامىيدا گېنېرال كارترۇ ئۇچۇن ئۆتكۈزگەن كەچلىك زىياپەتتە قەدەھ سۆزى قىلىپ: «مەن بۇ ئۇلۇغ رەھبەرگە بۇرۇندىن ھۆرمەت قىلىپ كېلىۋاتاتتىم» دېدى. گېنېرال كارترۇنىڭ جاۋابى ئىنتايىن تەسىرلىك ئىدى، ئۇ دې گولنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. زىياپەتكە قاتناشقان باش ۋالىي ئېببېئېر ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى گېنېرال كارترۇنىڭ نەزىرىدە دې گولنىڭ مۇھىملىقى ئۇنىڭ ھەربىي ئۇنۋانىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. كارترۇ دې گولنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ قاھىرەگە قايتتى.

24 ـ ئۆكتەبىردە پېتائىن مۇنتويىردا گىتلېر بىلەن ئۇچرىشىپ، ۋىشى ھۆكۈمىتىنىڭ ناتسىستلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشكە پائال تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. دې گول ھازىر ۋىشى ھۆكۈمىتىنى ئەيىبلەش ۋە ئۇنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق بىلەنلا ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى، چوقۇم ئۆزى فرانسىيە مىللىي مەنپەئىتىنىڭ قوغدىغۇچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى كېرەكلىكى، ئەركىن فرانسىيە ئازاد بولغان زېمىندا ئىگىلىك ھوقۇقلۇق ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈشى لازىملىقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتتى. 1940 ـ يىلى 27 ـ ئۆكتەبىردە دې گول براززاۋىلدا تەنتەنىلىك خىتابنامە ئېلان قىلىپ، ۋىشىنىڭ «ھۆكۈمەت ئاپپاراتى» «ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ»، ئۇ تاجاۋۇزچىلارغا «قۇللارچە ئىتائەت قىلماقتا» دەپ ئەيىبلىدى. ئۇ، فرانسىيە خەلقى ئۆز ۋەكىلىنى ئەركىن تاللىيالىسىلا، بارلىق ھەرىكەتتە ۋەكىللەر ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغانلىقىغا تەنتەنىلىك كاپالەت بەردى. 27 ـ ئۆكتەبىردە ئۇ يەنە ئىككى پەرماننى ئېلان قىلدى. بىرىنچى پەرمان: دۆلەت مۇداپىئە

كومىتېتى قۇرۇپ ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش، ئىككىنچى پەرمان: گېنېرال كارترۇ، ئىسكادرا ۋېتسې، ئادمىرال مىسىلئې، گېنېرال دېلامىنا، باش ۋالىي ئېبېئېر، باش ۋالىي سوتتوف، گېنېرال ھەربىي دوختۇر سىسې پروفېسسور كاسسىن، ئايبات دارجانرىئې ۋە مايور لى كلايرنى دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەش ئىدى. دې گول ئۆزى دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولىدىغان بولدى. براززاۋىل خىتابنامىسى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېلان قىلىنغان ئىككى پەرماننىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى بارلىق فرانسىيىلىكلەرگە تونۇتۇش ئۈچۈن، دې گول براززاۋىلدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى، يەنى 16 ـ نويابىر يەنە بىر «تەشكىلىي خىتابنامە»نى تەنتەنىلىك ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇق تۇتۇشتىكى مەقسىتى پۈتكۈل فرانسىيىنى ئازاد قىلىش ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە 1884 ـ يىلىدىكى قانۇنغا ئاساسەن، ۋىشى ھۆكۈمىتى ئويدۇرۇپ چىقارغان ئاتالمىش «فرانسىيە دۆلىتى»نىڭ ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئەيىبلىدى.

27 ـ ئۆكتەبىردىكى خىتابنامىدە دې گول ئۆزىنى «مەن» دەپ ئاتىغانىدى، لېكىن پەرمان چىقارغاندا بىرىنچى قېتىم «بىز» دېگەن سۆزنى ئىشلەتتى، «تەشكىلىي خىتابنامە» دىمۇ «بىز» دېيىلدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا دې گول ئۆزىنى فرانسىيىنىڭ ۋەكىلى دەپ ھېسابلايدىغان بولغانىدى.

17 ـ نويابىردا دې گول ئافرىقىدىكى ئەركىن فرانسىيىگە قاراشلىق جايلاردىن ئايرىلىپ، لاگوس، فرىتائون، بانيورست ۋە جەبىلتارىق ئارقىلىق ئەنگلىيىگە باردى. دې گول ئافرىقىدا بىپايان ئۇرۇش بازىسى ۋە خىل مەمۇرىي ئاپپارات بەرپا قىلدى، بۇ ئەمەلىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ئارقىلىق دې گولنىڭ ئوبرازى تىكلىنىپ، دې گول قانۇنلۇق داھىي بولغان ئەركىن فرانسىيىلىكلەرنىڭ فرانسىيىسى بارلىققا كەلدى.

# ئالتىنچى باب  فرانسىيە ئۈچۈن
# جەڭ قىلىش

ئافرىقا جەڭ مەيدانلىرىدا ئەركىن فرانسىيە ئارمىيىسى ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبىگە ئېرىشتى. 1941 ـ يىلى مارتتا پولكوۋنىك لې كلاير قوراللىق يارالغىلىرى ئىنتايىن ناچار قوشۇن بىلەن ئىتالىيىنىڭ كۆھراھتىكى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. ئېرىترېئا ۋە سۇدان ئۆرۈش بازىسىدا گېنېرال پرادېت قوماندانلىقىدىكى قوشۇن ئىتالىيىنىڭ كرون ئېگىزلىكىدىكى مۇداپىئە لىنىيىسىنى ئىشغال قىلدى. ئاپرېلدا گېنېرال لېگېنديوم ۋىشى ئارمىيىسى ئىشغال قىلىپ تۇرغان جىبۇتىنى ئېلىپ، دۈشمەننىڭ قىزىل دېڭىز فلوتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 10 ـ ئاپرېلدا دې گول گېنېرال ۋاۋېلغا خەت يېزىپ، گېنېرال لېگېنديوم قوماندانلىقىدىكى ئەركىن فرانسىيە 1 ـ دىۋىزىيىسىنى كۆرېنايكا ـ مىسىر جەڭ مەيدانىغا يۆتكەشنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، دې گول بۇ دىۋىزىيىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قالدىغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى قوماندانلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتتى.

ئەركىن فرانسىيە كۈچلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز زورىيىشىغا ئەگىشىپ، دې گول ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ مەسىلىسىنى كۆپرەك ئويلايدىغان بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن، دوست قوشنا دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرمۇ پەيدىنپەي ئاشكارىلىنىشقا باشلاپ، دې گولنىڭ ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

1941 ـ يىلى فېۋرالدا ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى مىنىستىرلىقى دې گولنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي، «ئىلاھىي تەقدىر» ناملىق يولۇچىلار پاراخوتىنىڭ بېيرۇتتىن مارسېلغا بېرىپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي رايونلىرىدىكى ۋىشى دائىرىلىرى تەرىپىدىن «دې گول تەرەپدارلىرى» دەپ ئاتالغان فرانسىيىلىكلەرنى دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كېلىشكە رۇخسەت قىلدى. ھەتتا ئەركىن فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ۋەكىلىنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشىغىمۇ پۇرسەت بەرمىدى. ئارقىدىنلا فرانسىيىگە قاراشلىق سومالى مەسىلىسىدە ئىختىلاپ تۇغۇلدى. ئۇلارنىڭ سۈرىيە مەسىلىسىدىكى قاراشلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە زىت ئىدى. 9 ـ مايدا ئەنگلىيە ۋەكىلى گېنېرال سپىرس قاھىرەدىن دې گولغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ھازىر ئەركىن فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ بۇ رايوندا داۋاملىق جەڭ قىلىشىنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى قالمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، گېنېرال ۋاۋېل دې گول بىلەن كۆرۈشۈشنى باشتىن ـ ئاخىر خالىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ قارىشىچە، مەيلى ئەينى ۋاقىتتا بولسۇن ياكى يېقىن كەلگۈسىدە بولسۇن، دې گولنىڭ قاھىرەگە كېلىشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئەسكەرتتى.

دې گول بۇ ئىشقا قورسىقى كۆيۈپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سۈرىيە ۋە جىبۇتى مەسىلىسىدە ئۆز ئالدىغا قارار چىقارغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، قاھىرەگە بارمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. 13 ـ مايدا دې گول گېنېرال كاترۇنى چاقىرتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گاستون پاللېۋسكىينى ئۆزىنىڭ يېقىن شەرقتىكى سىياسىي ۋەكىللىكىگە، گېنېرال لېگېندىيومنى باش قوماندانلىققا تەيىنلىدى.

1941 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇن فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە بىرلەشمە ھەرىكەت قىلىنىشىنىڭ ھارپىسىدا، چېرچىل دې گولغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئەنگلىيىنىڭ سۈرىيە مەسىلىسى

توغرىسىدىكى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سۇرىيىگە مۇستەقىللىق ھوقۇقى بېرىشكە كاپالەت بەردى. دې گول ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، 15 ـ ئىيۇن چېرچىلغا بىر پارچە تېلېگراما ئەۋەتتى. تېلېگراما ئىخچام، مەزمۇنى تېرەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى. تېلېگرامىمىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «(1) رەھمەت. (2) كارتىرۇ پەلەستىنىدە قالدى. (3) مەن پات ئارىدا قاھىرەگە بارىمەن. (4) سىز ئۇرۇشتا چوقۇم غەلىبە قىلىسىز.»

بۇ قېتىمقى كرىزىستا گېنېرال دې گول باشتىن ـ ئاخىر قىلچە مادارا قىلماي، ئۆزىنىڭ ئورنىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي قەيسەرلىك بىلەن چىڭ تۇردى. ئۆز ھەرىكىتىنىڭ توغرىلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. ھازىرقى كرىزىس فرانسىيىنىڭ ئەنگلىيە بىلەن ئادىل مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا پايدىلىق دەپ قارايتتى. چېرچىلنىڭ ئۆزىمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ، قول ئاستىدىكىلەرگە: «بىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىمىز ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىمىز فرانسىيىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى مەسىلىسىدە قىلچە يول قويماسلىقتا، تاكى رېيىن دەرياسىدىكى دۆلەت چېگراسىغا يېتىپ بارغۇچە بىز مۇشۇنداق مۇرەسسە قىلماسلىق روھىغا موھتاج» دېگەنىدى. نەتىجىدە، دې گول ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىدە غەلىبە قىلىپ، ئەنگلىيە يول قويىدى، ئەركىن فرانسىيە سۇرىيە ۋە لىۋانغا كىرىپ، ۋىشى ھۆكۈمىتىنىڭ نەچچە مىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكىرى ئەركىن فرانسىيە تەرەپكە ئۆتتى، دې گول بۇنىڭدىن يەنە ئىككى برىگادا ۋە بىر برونېۋىك قىسمى تەشكىللىدى.

بۇ قېتىمقى كرىزىستىن دې گول ئۆز پۇرسىتىنىڭ سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە ئىكەنلىكىنى ھەمدە بۇ پۇرسەتتىن تازا ئوبدان پايدىلىنىدىغان جاي ئافرىقا ئەمەس، بەلكى لوندون ئىكەنلىكىنى بايقىدى. 1 ـ سېنتەبىردە ئۇ ئەنگلىيە پايتەختىگە يەنە قايتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دې گول لوندونغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بەزى قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدى. بۇنىڭ بىرى مىسىلىئې مەسىلىسى ئىدى. بۇ ئادمىرالنىڭ فرانسىيە ئارمىيىسىدىكى دەرىجىسى دې گولدىن يۇقىرى بولسىمۇ، لوندونغا كەلگەندىن كېيىن سىياسىي جەھەتتە ۋە ھەربىي جەھەتتە دې گولنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىچىدە تۇردە نارازى بولۇپ يۈرەتتى. يەنە بىرى: «ئەركىن فرانسىيە» نىڭ باش مۇھەررىرى ئاندرى لابارتنىڭ مەسىلىسى ئىدى. دې گولنىڭ تەكلىپى بىلەن مەملىكەتلىك كومىتېت قۇرۇلۇپ ئىش تەقسىم قىلىنغاندا، لابارت مىسىلىئې بىلەن دې گولنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ئورۇننى رەت قىلدى. مىسىلىئې بەزى تەكلىپى بارلىقىنى ئېيتتى. 18 ـ سېنتەبىردە بۇ ئادمىرال دې گولغا خەت يېزىپ، «ئىجرائىيە كومىتېتى» قۇرۇپ، ئۆزى (مىسىلىئې) رەئىس بولۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسى، سودا كېمىلىرى ۋە ھەربىي تەييارلىقلارنى باشقۇرۇش، لابارت فرانسىيە زېمىنىدىكى ۋە فرانسىيە ئىمپېرىيىسى قانات يايدۇرغان سىياسىي ھەرىكەتلەرنى ئاساسلىق باشقۇرۇش ھەمدە تەشۋىقات ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. گېنېرال دې گولنى بولسا ئەركىن فرانسىيە ھەرىكىتىنىڭ رەئىسلىكىگە كۆرسەتكەنىدى، لېكىن بۇ ئورۇن قۇرۇق ئاتاقتىنلا ئىبارەت ئىدى.

مىسىلىئې توقۇنۇش يۈز بېرىدىغانلىقىنى تۇيۇپ، ئەنگلىيىلىكلەردىن ياردەم تىلىدى. ئۇ: ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان ئەركىن فرانسىيە ھەرىكىتى ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغانىكەن، ئۇ ھالدا ھازىر بۇ ھەرىكەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى شۇنچىۋالا زور تەرەققىيات بىلەن كارى بولماي يۈرسە بولمايدۇ، دېدى. ئۇ يەنە ئۆزىچە ئەنگلىيىلىكلەر مېنى يۆلەيدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۆز قاراشلىرىنى تەپ تارتماستىن پەرمان سۈپىتىدە يېزىپ، بىر پارچە چۈشەندۈرۈشنى قوشۇپ دې گولغا ئەۋەتىپ بەردى. پەرماندا

كومىتېتىنىڭ نامى «ئازادلىق ئىجرائىيە كومىتېتى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، دې گول رەئىسلىككە تەيىنلەنگەنىدى، لېكىن ئۇ ئومۇمىي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىش بىلەنلا چەكلىنەتتى، مۇئاۋىن رەئىسلىكنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئادمىرال مىسېلىئې بولسا ئىجرائىيە ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى ھەم ئومۇمىي يىغىننى ئېچىش ۋاقتىنى بەلگىلىيەلەيتتى. دې گول بۇنىڭدىن ئىنتايىن قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ، ئادمىرالغا خەت يېزىپ، ئۇنى «خىزمەت ھوقۇقىنى چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قالايمىقان ئىشلەتتىڭىز» دەپ ئەيىبلىدى ھەمدە ئۇنى 24 سائەت ئىچىدە قىنىغا چۈشۈشنى، بولمىسا تەدبىر قوللىنىپ، «بۇزغۇنچىلىق رولىنى ئوينىيالماس» قىلىپ سېپىستىن چىقىرىپ تاشلاشقا ئوخشاش... 

شۇ كۈنى كەچتە گېنېرال دې گول ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە مەملىكەتلىك كومىتېتنىڭ تەشكىللەنگەنلىكىنى، تىزىملىكى ئەتىسى ئېلان قىلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. كەچ سائەت 11دە چېرچىل، ئېدېن ۋە دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى ئالېكساندىر قاتارلىقلار ئەركىن فرانسىيىدە يۈز بەرگەن بۇ داۋالغۇشنى مۇھاكىمە قىلدى. ئۇلار بىردەك، ئادمىرال ئۆز ئەھۋالىنى دې گولغا خەت ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشى ھەمدە گېنېرال دې گولغا ئۇنى شەخسىي قارا نىيىتى بار دەپ ئەيىبلىگەنلىكى يوت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش لازىم، دەپ قارىدى. ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن مىسېلىئې خاتالىقىنى تونۇدى، دې گولمۇ يول قويۇپ، مىسېلىئېنى شۇئانلا دېڭىز ئارمىيىسى ۋە سودا پاراخوتلىرى ھەيئەتلىكىگە تەيىنلىدى، لابارت بولسا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى.

ئاۋدې ۋەقەسى دې گولنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا قويىدى. فرانسىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ بۇ گېنېرالى تونۇتامى يوق ئادەم ئىدى. ئۇ 1941 ـ يىلى شىمالىي ئافرىقىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ۋىشى ھۆكۈمىتى بىلەن چىقىشالمىغاچقا ۋاشىنگتونغا بېرىپ، ئۇ يەردە بايانات ئېلان قىلىپ ۋىشى ھۆكۈمىتىنى ئەيىبلىگەن ھەمدە گېنېرال دې گولغا خىزمەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى، لېكىن، ئەنگلىيىگە بارغاندىن كېيىن ئۇ ئىشلارنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ياخشى ئەمەسلىكىنى سەزدى. ئۇ ئەنگلىيىدە تۆت ئاي تۇرغاندىن كېيىن دې گول بىلەن تاكاللىشىپ قېلىپ، كېيىن ئادا ـ جۇدا بولۇشۇپ كەتتى. ئاۋدې قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە، بۇرۇن ۋىشى ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلاشمىغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە غورۇرۇم يول قويمىغانىدى، ھازىر ئەركىن فرانسىيە تەشكىلاتى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقىمۇ غورۇرۇم يول قويمايدۇ، دېدى.

بۇ ئىچكى زىددىيەتلەرگە قارىغاندا، ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسى دې گولنىڭ بېشىنى تېخىمۇ قاتۇردى. دې گولنىڭ ئىشلىرى ئامېرىكا جامائەتچىلىكى ئارىسىدا كەڭ ھەم قىزغىن ئىنكاسقا ئېرىشكەندە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «ئۇنىڭغا سوغۇق ۋە پەرۋاسىز پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا چىڭ تۇردى.» روزۋېلت ھۆكۈمىتى گېرمانىيىنىڭ فرانسىيىگە بولغان كونتروللۇقىنى ئازايتىش ئۈچۈن ۋىشى ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەنىدى.

دې گول ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرىكەت قىلدى. 1941 ـ يىلى مايدا ئۇ ئۆزىنىڭ قابىل ياردەمچىسى پىلېۋوننى ئامېرىكىغا ئەۋەتتى، مېڭىش ئالدىدا دې گول ئۇنىڭغا: «ئامېرىكا گوۋۋيېۋەنى بىلەن مەڭگۈلۈك، بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئەركىن فرانسىيىگە قاراشلىق شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوكيانىيىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش، ئۇرۇش ئەشيالىرىنى بىۋاسىتە سېتىۋېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئامېرىكىدا ئاخبارات ۋە تەشۋىقات ئاپپاراتى قۇرۇش، ئامېرىكىدا ئەركىن فرانسىيە كومىتېتى تەسىس قىلىپ، ئەركىن

فرانسىيىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان ئامېرىكىلىقلارنىڭ ياردىمىنى تەشكىللەش» توغرىسىدا يولىيورۇق بەردى. پىلسۇون ئامېرىكىدا كەڭ كۆلەمدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى.

ئامېرىكىنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى زۇڭتۇڭى روزۋېلت باي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنىدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان. ئۇ بۇرۇنلا «ئەركىن دېموكراتىك» ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرمۇ «يېڭىچە ئاۋام ئىدىيىسى»گە ئىگە ئىدى. روزۋېلت ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا غەرب دۆلەتلىرى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە مىسلىسىز ئېغىر «ئىقتىسادىي كرىزىس»قا دۇچ كەلگەنىدى. ئۇ «يېڭى سىياسەت» نى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئىقتىساد ۋە دىپلوماتىيە قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، ئامېرىكىنى ئىقتىسادىي ھاڭدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتۇلدۇرۇپ، كاپىتالىستىك چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. روزۋېلت تالانتلىق سىياسىي ئەرباب، زېرەك ۋە قابىل شەخس ئىدى. شۇنداقلا كامالەتكە يەتكەن سۆھبەت ماھىرى بولۇپ، جەلپ قىلىش ئىقتىدارى يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى مەركەز قىلىشقا زىيادە بېرىلىشتەك خاراكتېرى دې گول بىلەن ئوخشىشاتتى. خۇددى ئامېرىكىلىق مەشھۇر تارىخشۇناس مىلتون ۋېئوستېر ئېيتقاندەك: «بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىچىدە كۈچلۈكى بولغان روزۋېلت دې گولغا مەلۇم دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈپ يېقىنچىلىق قىلىپ قويسىمۇ ھېچقانداق زىيان تارتمايتتى. لېكىن، ئۇ بۇنداق قىلماستىن، بەلكى دې گولنى بىر شەخسىيەتچى، ئىچى تار ۋە شوۋىنىزمچى، دې گولنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى مۇتلەق ھوقۇقنى تارتىۋېلىش ۋە ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت، دەپ قارىدى. روزۋېلت دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە غۇرۇرىنى قوغداش يولىدا ھەرقانداق خېيىمخەتەرگە

تەييار تۇرغان دې گولنى فرانسىيىنىڭ شان ــ شەرىپىنى قوغدىغۇچى باتۇر دەپ بىلىشنى خالىمىدى. دې گولنىڭ نەزىرىدە بولسا روزۋېلت تەكەببۇر، دۆلىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن ماختىنىدىغان، تەڭرىنىڭ رولىنى ئېلىشنى، فرانسىيىنىڭ تەقدىرىنى ئىلكىدە تۇتۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر ــ بىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلالمىغانلىقى سىياسىي ئىختىلاپتىن تۇغۇلغان قىيىنچىلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.»

دې گولنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ: مەن فرانسىيىگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن، مانا ئۆزۈم فرانسىيە، دەپ قەتئىي ئىشىنەتتى. بىر قېتىم ئۇ چېرچىل بىلەن سۆزلەشكەندە، بۇ ئەنگلىيە ۋەزىرى: «سىز ئۆزىڭىزنى فرانسىيە دەپ ھېسابلامسىز؟ سىز فرانسىيە ئەمەس! فرانسىيىمۇ تېخى! فرانسىيە نەدە؟ ئەلۋەتتە، مەن گېنېرال دې گول ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ فرانسىيە مىللىتىنىڭ مۇھىم ھەم ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر قىسمى ئىكەنلىكىگە ئىقرار. لېكىن، ئۇلاردىن باشقا ئۆزىگە خاس قىممەتكە ئىگە نوپۇز ئىگىلىرىنىمۇ شۈبھىسىز تاپالايمىز» دەپ قايناپ كەتكەنىدى. دې گول ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ: «ئەگەر مېنى فرانسىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارىمىسىڭىز، مەن بىلەن فرانسىيىنىڭ دۇنيادىكى مەنپەئىتى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشكە نېمە ھوقۇقىڭىز بار؟» دېگەندە، چېرچىل گەپ قىلالماي قالغانىدى.

دې گول سىرتتىكى ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، 1942 ـ يىلى ئاپرېلدا بىر نۇتۇق سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ تاشقى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك شەرھلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا روزۋېلتنىڭ «ئادىل بولمىغان» پوزىتسىيىسىنىمۇ دارىتمىلاپ تەنقىد قىلدى. ھەر تەرەپتىن ئۇزاق مۇددەت تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا دې گولنىڭ ۋاشىنگتون بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاخىر ياخشىلاندى. شۇنىڭدەك،

چېرچىلنىڭ كۈچلۈك سالاسى بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 1942 ـ يىلى 9 ـ ئىيۇلدا بىر ئاخبارات ئېلان قىلىپ، دې گول ھەرىكىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئېتىراپ قىلدى. ئامېرىكا تەرەپ گېنېرال دې گولنىڭ تۆھپىسىنى ۋە مەملىكەتلىك كومىتېتنىڭ فرانسىيىنىڭ ئەنئەنىۋى روھى ۋە تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. مەملىكەتلىك كومىتېت «فرانسىيىنىڭ ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىگە زەربە بەرگۈچى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈچلەرنىڭ سىمۋولى بولۇش سۈپىتى بىلەن» مۇمكىن بولغان بارلىق ياردەمگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاخباراتتا يەنە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىردەك «فرانسىيىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى ئەركىن، زورلۇق بولمىغان شارائىت ئاستىدىلا بەلگىلىنىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقى، فرانسىيە مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭمۇ شۇنداق قارايدىغانلىقىغا ھەققىي ئىشىنىدىغانلىقى» قەيت قىلىندى.

پيورل ـ خاربور ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكا بىلەن فرانسىيىنىڭ ھەربىي ھەمكارلىقىمۇ خېلى كۈچەيدى. فرانسىيىنىڭ تىنچ ئوكياندىكى يېڭى كالېدونىيە تاقىم ئارىلى ، ماركىز تاقىم ئارىلى، تومموتۇ تاقىم ئارىلى قاتارلىقلار ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تايانچ پونكىتلىرى بولۇپ قالدى. دې گول ھەربىي جەھەتتە ئالدى بىلەن ئىمكانقەدەر ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشنى قارار قىلدى، بۇنىڭ بىردىنبىر شەرتى قارشى تەرەپنىڭ فرانسىيىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە شۇ جايلاردىكى ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دې گول ئارمىيىسى شىمالىي ئافرىقا جەڭ مەيدانلىرىدىمۇ ئۇزلۇكسىز غەلىبىگە ئېرىشتى. 1942 ـ يىلى 18 ـ ئىيۇن، «18 ـ ئىيۇن» چاقىرىقىنىڭ ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىلىشىدا گېنېرال دې گول يەنە كىشىنى روھلاندۇرىدىغان نۇتۇق سۆزلىدى:

*«شامفېر «ئاقىلانە كىشى سەۋرچان كېلىدۇ، قىزغىن كىشى هايات كەچۈرۈشنى بىلىدۇ» دېگەنىدى. فرانسىيىنىڭ بوردودا تەسلىم بولغىنىغا ۋە بەزىلەر تەرىپىدىن سېتىۋېتىلگىنىگە ئىككى يىل بولدى، لېكىن فرانسىيىنىڭ فاشىستلارغا قارشى جەڭچىلىرى يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلماقتا. ئىككى يىلدا بىز هاياتنى ئۇلۇغلاپ كەلدۇق. چۈنكى، بىز قىزغىن كىشىلەر، بىز سەۋرچان بولدۇق، چۈنكى بىز ئاقىلانە كىشىلەر.*

*مەن بىز قىزغىن كىشىلەر دېدىم. بىزدىكى قىزغىنلىق بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز فرانسىيىگە بولغان قىزغىنلىق! ئاتالمىش ئۇرۇش توختىتىلىشتىن كېيىن مىڭلىغان — ئون مىڭلىغان كىشىلەر ئافرىقىدىكى ۋە شەرقتىكى جەڭ مەيدانلىرىدا، بىپايان دېڭىز — ئوكيانلاردا، ئەنگلىيە، ئېرىترىيە ۋە لىۋىيە ئاسمىنىدا، ساينت نازايىرىدىكى كىچىك جەڭلەردە ياكى سەھەردىكى جازا مەيدانلىرىدا جان بەردى، ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى قالغاندىمۇ فرانسىيىنىڭ نامىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى. مەيدانى مۇستەھكەم سانسىزلىغان فرانسىيىلىكلەر مەيلى ئۆز ۋەتىنىدە قىساس ئۈچۈن جەڭ قىلىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىشتە بولسۇن ياكى چەت ئەللەردە خىلمۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ۋەتەننىڭ غۇرۇرى ۋە تەسىرىنى قوغداشتا بولسۇن، فرانسىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن دېگەن بىرلا ئارزۇنى، فرانسىيە ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىمەن دېگەن بىرلا ئوينى كۆڭلىگە پۈكتى. قىزغىنلىق بولمىسا، چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ.*

*مەن بىز ئاقىلانە كىشىلەر دېدىم. دۇرۇس، بىز ئەڭ قىيىن، ئەڭ شەرەپلىك ئۇرۇش يولىنى تاللىۋالدۇق. ۋەتەننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بارلىقىمىزنى قۇربان قىلىشتىن ئايانمايمىز، بىر ئۇلۇغ*

*دۆلەت ئۆزى ۋە باشقا دۆلەتلەر ئۈچۈن ئۇلۇغلۇقىنى داۋاملىق ساقلىشى كېرەك. لېكىن، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇنى تاشلىۋەتسە، ئۇ ئۇلۇغلۇقىنى قانداقمۇ داۋاملىق ساقلاپ قالالىسۇن؟ ئەگەر جەڭچىلىرى ئۇنىڭ شان - شۆھرىتىنىڭ سىمۋولى، باتۇرلۇقىنىڭ بۆلىقى، ئۈمىدىنىڭ مەركىزى بولالمىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى قانداقمۇ ئىشقا ئاشۇرالىسۇن؟ ئۇلۇغ شان - شەرىپىنى قانداقمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلىسۇن؟*

*بىزنىڭ دەۋرىمىز ئۇلۇغ دەۋر، ئۇرۇش دەۋرى، شۇڭا بىز شەخسىيەتچىلىكتىن ۋە ئاداۋەتتىن خالىي بولۇشىمىز، فاشىزمغا قارشى بارلىق ئەللەر ۋە خەلق بىلەن بىرلىشىشىمىز لازىم. بىر ئۇلۇغ ئېقىم خەلقئار غايىنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا قاراپ كەلمەكتە.*

*قانلىق سىناق تېخى ئۆتۈپ كەتكىنى يوق، فرانسىيە ئالدىدىكى بۇرچىمىزنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىشىمىز، پۈتۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلمىغۇچە ھەرگىز توختىماسلىقىمىز لازىم. شۇ چاغدىلا خىزمىتىمىزنى تاماملىغان، رولىمىزنى جارى قىلدۇرغان بولىمىز، بىز ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى باشلانغاندىن تارتىپلا ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرگە، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك كەلگۈسىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان باشلامچىلارغا ئەگىشىمىز، فرانسىيىگە پېچۇنىڭ سۆزى بويىچە قىسقىلا قىلىپ: ئانا، جاپالىق جەڭ قىلىۋاتقان ئاشۇ ئوغلانلىرىڭغا نەزەر سېلىپ قويغىن! دەيمىز.»*

دې گولنىڭ نۇتقى خۇددى باھار گۈلدۈرمامىسىدەك خام خىيالغا پاتقان كىشىلەرنى ئويغاتتى، ئەركىن فرانسىيە جەڭچىلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى مەشئەل بولۇپ يورۇتتى. ئۇلارنى يەنىمۇ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب داھىيلىق ئورۇن

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئۈچىنچى يىلىدا ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىش بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى جەڭ مەيدانىدا سوۋېت ئارمىيىسى ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ قىسمەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. گېرمانىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىپايان زېمىنىغا يېتىشكۈدەك ئەسكىرىي كۈچى قالمىدى. تىنچ ئوكيان تەرەپتە ياپونىيە تاجاۋۇزچى كۈچلىرى يوگەنلەندى. جۇڭگو جەڭ مەيدانلىرىدا ياپونىيە پاسسىپ مۇداپىئە ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. ئامېرىكا ئارمىيىسىمۇ تىنچ ئوكياندىكى بىرنەچچە ئارالدا ھۇجۇم باشلىدى. شىمالىي ئافرىقا جەڭ مەيدانلىرىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئۇرۇشنىڭ دەسلەپتىكى زەربە يېيىش ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ، كەڭ كۆلەملىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلاندى.

1942 ـ يىلى كۈزدە دې گول ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى مۇددىئاسىنى پەرەز قىلغان بولسىمۇ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ پىلانى ۋە ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېتىملىك ھالىتىدىن قۇتۇلۇشتىكى ئاچقۇچ روزۋېلتتا ئىكەنلىكىنى سەزدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككىنچى پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ئاندرې فىلىپنى ئامېرىكا زۇڭتۇڭىغا يازغان خۇسۇسىي خەت بىلەن ئامېرىكىغا ئەۋەتتى. روزۋېلت خەتنى تاپشۇرۇۋالغان بولسىمۇ جاۋاب بەرمىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، روزۋېلت ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي پىلانىدا باشقا بىر ئادەمنى، يەنى ھېنرى گىرائۇدنى شىمالىي ئافرىقىغا قارىتىلغان سىياسەتنى ئىجرا قىلىش قورالى قىلىپ

تاللىغانىدى.

گىرائۇد گېنېرال ئارمىيە ئىدى، ئۇنىڭ ھەربىيلىك ھاياتى ئۆزگىچە ئۆتكەنلىكى ھەمدە قىلچە سىياسىي قارا نىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئامېرىكىلىقلارغا يېقىپ قالغانىدى. دې گول مېتىستىكى چېغىدا ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. ئۇ گېرمانىيە ئارمىيىسى فرانسىيىنى بېسىۋالغاندا كونستامىئىن تۈرمىسىگە قامالغانىدى. لېكىن، ئۇ تۈرمىدىن مۆۋەپپەقىيەتلىك قېچىپ چىققان ھەمدە 1942 ـ يىلى ئاپرېلدا شۋېيتسارىيىگە كەلگەنىدى. دۈشمەنلەر ئۇنى تۇتۇۋالغانلارغا 100 مىڭ مارك ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى، لېكىن ئۇ خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي، فرانسىيىنىڭ ئىشال قىلىنمىغان رايونلىرىغا بېرىپ مارشال پېتائىن تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. كېيىن ۋىشى ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى لاۋال ئۇنى گېرمانىيىلىكلەرگە تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەن بولسىمۇ، ئەمما گىرائۇد قەتئىي رەت قىلغانىدى.

ئامېرىكىلىقلار گىرائۇدنى كۆپرەك ئۇنىڭ ھەربىي ئۇنۋانىغا قىزىقىپ تاللىغان بولۇپ، ئۇنىڭ خۇي ـ پەيلىنى بىلمەيتتى. گىرائۇد دې گولدەك زېرەك، تالانتلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مادارا قىلمايدىغان، تەكەببۇر مىجەزى دې گولغا ئوخشىشىپ قالاتتى. ئۇ ياش ۋاقتىدا تۇنىستا ئوفىتسېر بولۇپ تۇرغاندا تار بىر كوچىدا شۇ يەرلىك بىر ئادەم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ، ھېلىقى ئادەم قەستەن يول بەرمەيدۇ، گىرائۇد بۇ بىچارىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرگىنىچە دۇكاننىڭ پوكىيىگە تاشلىۋېتىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئۇبدان قىلمىدىڭ دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئۇ، ھەربىيگە خاس شان ـ شەرەپنى ساقلاش، شۇنداقلا فرانسىيىنىڭ غۇرۇرىنى قوغداش يولىدا مۇشۇنداق قىلىشقا قىلچە ئىككىلەنمەيمەن، دەيدۇ.

دې گول گىرائۇدنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالدى ھەمدە ئۇنى كەلگۈسىدىكى فرانسىيىنى ئازاد

www.uyghurkitap.com

قىلىش ئۇرۇشىدا بىرلىككە كەلگەن فرانسىيە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. لېكىن، گىرائۇد بۇ تەكلىپكە پىسەنت قىلمىدى. ئۇ، شىمالىي ئافرىقىدا ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلا بولسام، ھەممە ئادەم مېنىڭ ئەتراپىمغا ئۇيۇشىدۇ، شۈبھىسىزكى، دې گولمۇ شۇنداق قىلىدۇ، چۈنكى مېنىڭ ھەربىي ئۇنۋانىم ھەممىدىن يۇقىرى، دەپ قارايتتى.

ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئىتتىپاقداش ئارمىيە شىمالىي ئافرىقىدا قۇرۇقلۇققا چىقىسىلا، رومىېل قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سېپىگە تەھدىت سېلىپ، مىسىر مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ، مۇسسولىنى ۋە گىتلېر قوشۇنلىرىنى شىمالىي ئافرىقىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، جەبىلتارىقنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. شىمالىي ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا شەرقنى ئېلىشتىكى بۇ پىلان «مەشئەل» پىلانى دەپ ئاتالدى، ئامېرىكا «بۇ ئارقىلىق غەربىي ئافرىقىنى قولغا ئېلىپ، ئەڭ ئاخىرى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى كونترول قىلىشقا ئاساس سالغىلى بولىدۇ» دەپ قارىدى. ئامېرىكىنىڭ بۇنىڭدىكى مەقسىتى فرانسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ خەۋپىدىن پايدىلىنىپ ئامېرىكىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئىدى. شۇڭا، بۇ پىلان دې گولدىن «يۇقىرى دەرىجىدە مەخپىي» تۇتۇلدى.

«مەشئەل» پىلانى يوشۇرۇن تەييارلىق باسقۇچىدا كېتىۋاتاتتى. ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە ھەربىي تەييارلىقتىن باشقا يەنە پائال تۈردە سىياسىي ھۇجۇم قوزغاپ، ۋىشى ھۆكۈمىتىنى بويسۇندۇرۇپ، فرانسىيىگە قاراشلىق شىمالىي ئافرىقىنى «قان تۆكمەي» ئىشغال قىلماقچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن گېنېرال گىرائۇدنىڭ ئورنى ۋە سالاھىيىتى ئامېرىكىلىقلار ۋە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ تەلىپىگە بەكمۇ مۇۋاپىق ئىدى. ئامېرىكىلىقلار گېنېرال گىرائۇد بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەمدە ھەل قىلغۇچ پەيتتە ئۇنى رىۋئېرادىن

جەبىلتارىقتا ئەۋەتىش توغرىسىدا بىر پىلان تۈزدى. ئۇلار گېنېرال گىرائۇدتىن ناھايىتى زور ئۈمىد كۈتكەنىدى.

ئۇرۇش باشلانغاندا دې گول دوۋنىڭ كوچىسى 10 - نومۇرلۇق قورۇغا تەكلىپ قىلىندى، چېرچىل ئۇنىڭغا ئامېرىكا ئەركىن فرانسىيىنى چەتكە قېقىشتا چىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردى. «بىز ئامالسىز شۇنداق قىلىۋاتىمىز، — دېدى چېرچىل، لېكىن سىز خاتىرجەم بولۇڭ، سىز بىلەن تۈزگەن كېلىشىمدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز. 1940 - يىلى ئىيۇندىن بۇيان سىزنى قوللاشقا ئىزچىل ماقۇل بولۇپ كېلىۋاتىمىز، — چېرچىل قوشۇمچە قىلدى، — ئۇرۇشنىڭ ئەڭ قىيىن پەيتلىرىدە بىزگە ھەمدەم بولدىڭىز، ئەمدى ئىستىقبال بارغانسېرى نۇرلىنىۋاتقاندا سىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمىز.»

چېرچىل دې گولغا ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە مەسلىھەتلىشىپ گېنېرال گىرائۇدنى شىمالىي ئافرىقىدىكى فرانسىيە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى، دې گول بۇنى ئاڭلاپ ئالقىشلىدى ۋە ياخشى تىلەك بىلدۈردى. ئۇ: «گېنېرال گىرائۇد ئۇلۇغ ھەربىي، ئۇنىڭ سىناپ بېقىشىغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن، ئەپسۇسكى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر كۈشكۈرتۈپ ئۇنى مەن بىلەن بىرىكلەشتۈرۈپ قويدى، بولمىسا ئۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەش بىلەنلا قالماي، ياردەممۇ بەرگەن بولاتتىم. بىز بىر - بىرىمىزنى ھامان بىر كۈنى چۈشىنىشىپ قالىمىز. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر قانچە ئاز ئارىلاشسا، بىزنىڭ ھەمكارلىقىمىز شۇنچە ياخشى بولىدۇ» دېدى.

ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئالجىرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، گېنېرال گىرائۇد ئۇ يەرگە بېرىپ بىر قېتىم رادىئو نۇتقى سۆزلىگەندە قىلچە رولى بولمىدى. ھەر تەرەپتىن تىرىشىش ئارقىلىق ۋەزىيەت ئاخىر ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە پايدىلىق تەرەپكە تەرەققىي قىلدى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا گېنېرال گىرائۇد فرانسىيىگە قاراشلىق شىمالىي

ئافرىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋالىيسى ۋە باش قوماندانى بولدى. دې گول ئۆتنى تەبرىكلىدى ھەمدە جەڭگىۋار فرانسىيىلىكلەرنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىشىنى يەنە بىر قېتىم تەشەببۇس قىلدى. 1943 ـ يىلى 2 ـ يانۋاردا دې گول يەنە رادىئو سۆزى قىلىپ، كەڭ ئاساستا ۋاقىتلىق مەركىزى ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. دې گولنىڭ باياناتى ھەمدە بۇ باياناتنىڭ دۆلەت ئىچىدە قوزغىغان كەڭ تەسىرى ۋە ئاممىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى روزۋېلت ۋە ئۇ قوللىغان گىرائۇدنى ئىنتايىن پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

1943 ـ يىلى يانۋاردا ئامېرىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دې گول كاسابلانكىدا گىرائۇد بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. فرانسىيە مەسىلىسى ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ئۈچۈن بىر باش ئاغرىقى ئىدى، روزۋېلت دې گولغا قىزىقمايتتى، ئەمما ئۆزى يۆلەپ كېلىۋاتقان گىرائۇدتا «سىياسىي كاللا» كەمچىل ئىدى. يەنە كېلىپ گىرائۇد جاھىل، تەكەببۇر ئىدى، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى بولۇشنىلا ئويلايتتى. مەمۇرىي باشقۇرۇشنى قىلچە بىلمەيتتى، سىياسىي غايىسىمۇ يوق ئىدى. 17 ـ يانۋاردا گىرائۇد بىرنەچچە خادىمنى ئەگەشتۈرۈپ ئالدىدا يېتىپ باردى. 22 ـ يانۋاردا دې گولمۇ كاسابلانكىغا يېتىپ كەلدى.

دې گول ئاۋۋال چېرچىل بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە ئۆزىنىڭ چۈشىنەلمەيۋاتقان تەرەپلىرىنى ئىزھار قىلدى. چېرچىل ئۇنىڭغا ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ فرانسىيە مەسىلىسىنى «ھەل قىلىش لايىھىسى» نى چۈشەندۈرۈپ، ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى دې گول بىلەن گىرائۇد ئورتاق ئۈستىگە ئېلىش، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى تەڭ بولۇش ئىمكانىيىتى ئېيتتى، لېكىن گىرائۇد يەنە ئەڭ ئالىي ھەربىي ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنىمۇ قوشۇمچە ئۆتەيتتى، بۇ كومىتېت تەركىبىدە يەنە فرانسىيىگە قاراشلىق شىمالىي ئافرىقىدىكى

يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن نوگائىپ، پېرۇدۇن بوۋاسوم، پېرژىرېلار بار ئىدى.

دې گول بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ كەسكىن باھا بەردى: «بۇ ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئامېرىكا ئارمىيىسىگە مۇۋاپىق كېلىشى مۇمكىن. ئۆزۈمنى ئالسام، مەن فرانسىيىنىڭ ئەزەلدىن كېلىۋاتقان ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئەھمىيەت بېرىمەن. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر مېنى قايىرىپ قويىدى ھەمدە مېنىڭ مۇددىئايىمغا خىلاپ ھالدا ئالجىردا خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان سىستېمىسىنى ئورناتتى. روشەنكى، ئۇلار بۇ جەھەتتە ئېھتىياجنى بىر ئازمۇ قاندۇرالمىغاچقا، ھازىر يەنە جەڭگىۋار فرانسىيىنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، جەڭگىۋار فرانسىيە بۇنداق قىلىشقا يول قويمايدۇ. جەڭگىۋار فرانسىيىنىڭ يوقىلىشى مۇقەررەر بولىدىغان بولسا، ئۇمۇ شەرەپ بىلەن يوقىلىشنى خالايتتى.»

22 ـ يانۋار بۇ قېتىمقى سۆھبەت چىرايلىق بىر داچىدا باشلاندى. روزۋېلت دې گولنى «سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلمىگەن» دەپ قاراپ، ئۇنىڭ تەشكىلاتىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىدى. دې گول فرانسىيىنى قۇتقۇزغان جېئاننېمو① سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلمىگەنىغۇ، دەپ جاۋاب بەردى. كېيىن دې گول ئۆز «ئەسلىمە» سىدە: سۆھبەت تەكەللۇپ ئىچىدە، لېكىن بەكمۇ زورىغا ئۆتتى. فرانسىيە ئىشلىرى ئۈستىدە توختالغاندا ھەر ئىككىمىز مەلۇم دەرىجىدە سىر ساقلىدۇق، دەپ يازدى.

ئەتىسى دې گول گېنېرال گىرائۇد بىلەن يەنە يالغۇز كۆرۈشتى. گىرائۇد ئۇنىڭغا ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ كەلگۈسى پىلانىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈردى ھەمدە دې گولنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ گېنېراللىقىغا ئۈستۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭدەك «فرانسىيە ئىمپېرىيىسى پارلامېنتى»دىن ئىبارەت يەنە بىر تەشكىلات قۇرۇلىدىغانلىقىنى،

① فرانسىيىنىڭ 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئايال قەھرىمانى.

www.uyghurkitap.com

بۇ پارلامېنت فرانسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. دې گول «ئۆز خاھىشى» بويىچە تۈزۈلگەن بۇ پىلاننى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق نارازى بولدى. ئۇ گىرائۇدتىن قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلمىغان بۇ پىلاننىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈردى ھەمدە گىرائۇدنىڭ ئاتالمىش ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە پىلانىغا فرانسىيىنىڭ مىللىي مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن رەددىيە بەردى. دې گولنىڭ سوراقلىرى ئالدىدا گىرائۇدنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، بۇ سىياسىي مەسىلىگە ياتىدىغان ئىش، مەن فرانسىيە ئارمىيىسىنى قايتا قۇرۇشنىلا بىلىمەن، ئىتتىپاقدىشىمىز ئامېرىكىغا تولۇق ئىشىنىمەن، دەپ ئىزاھات بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

ئىنتايىن كۆڭۈلسىز كەيپىيات ئىچىدە ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە دې گولنىڭ ئىزچىل قارشىلىقىغا قارىماي، مەجبۇرىي خاراكتېرلىك بىر لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندا روزۋېلت كۆلۈمسىرىگەن ھالدا دې گولدىن، ھېچبولمىسا گىرائۇد، مەن ۋە ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ قويسىڭىز قانداق، دەپ سورىغانىدى. دې گول ئەدەپ بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ: «ئەلۋەتتە خالايمەن، چۈنكى مەن بۇ ئۇلۇغ جەڭچىنى چەكسىز ھۆرمەتلەيمەن» دېدى. زۇڭتۇڭ روزۋېلت خۇشال بولۇپ يەنە: «ئەمدى گېنېرال گىرائۇد بىلەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا قول تۇتۇشۇپ بىر سۈرەتكە چۈشۈڭلار، بولامدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، دې گول ئىنگلىز تىلىدا: «سىز ئۈچۈن شۇنداق قىلىشنى خالايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئىككى گېنېرال فوتو ئاپپارات ئالدىدا ئۆزلىرىنى زورمۇزور تۈزەشتۈرۈپ يارىشىپ قالغان قىياپەتتە سۈرەتكە چۈشتى. زۇڭتۇڭ روزۋېلت بۇنىڭدىن قالتىس خۇش بولدى، مانا ئەمدى ئۇ مۇشۇ سۈرەت بىلەن ئامېرىكا ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە ئۆز سىياسىتىنىڭ نەقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلالايتتى.

دې گول كېتىش ئالدىدا بىر قىسقا ئاخبارات تەييارلىدى، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

*«بىز كۆرۈشتۇق، سۆھبەتلەشتۇق. بىز ئۆزىمىز يەتمەكچى بولغان نىشانىنىڭ تامامەن بىردەك ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدۇق. ئۇ نىشان دۇشمەننى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلىش ئارقىلىق فرانسىيىنىڭ ئازادلىقىنى ۋە ئىنسانىيەت ئەركىنلىكىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.*

*ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىۋاتقان بارلىق فرانسىيىلىكلەر ئۆرۈشتا بىردەك ئىتتىپاقلىشىدىغانلا بولسا بۇ نىشانغا يېتەلەيدۇ.»*

گىرائۇدنىڭ ئىشخانىسىدا ئۇزاق ئۆتمەيلا «جۇمھۇرىيەت»نىڭ كۆپلىگەن تەدبىرلىرى تۈزۈپ چىقىلىپ، نۇرغۇن ھۆججەتلەر تارقىتىلدى. 10 - ئاپرېلدا گىرائۇد «چەت ئەللەردىكى خوجىلىق زىمىن كومىتېتى» قۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. بۇ كومىتېتقا ئۆزى ۋە دې گول ئەزالىققا كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، سىياسىي ھوقۇقى يوق ئىدى. گىرائۇد ئۆزىنىڭ ھەربىي قوماندانلىق ھوقۇقىنى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابىغا بەرمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ تەكلىپى فرانسىيە مەملىكەتلىك كومىتېتىنى قاتتىق چۆچۈتتى. 15 - ئاپرېلدىكى يىغىندا كومىتېت دې گولنى بىردەك قوللاپ، ئەمەلىي ھوقۇقى بولغان بىر ئىجرائىي كومىتېت تەشكىللەپ، فرانسىيە باش قوماندانى (گىرائۇد) نى مۇشۇ كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

گىرائۇد يېڭى تەكلىپ بېرىمەن دەپ ئۇستىلىق قىلىپ چاندۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن فرانسىيىنىڭ مىللىي كەيپىياتىغا نۇقسان يەتكۈزدى، بۇنىڭ بىلەن دې گولنىڭ ئابرۇيى تېخىمۇ ئۆستى. قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ لوررائىن كرېست

بايرىقى ئالجىردا پەيدا بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئاشكارا تېلېگراما بېرىپ دې گولنى قوللىدى. 14 ـ ئاپرېل ئەركىن فرانسىيە ئارمىيىسى بىلەن ئەنگلىيە ئارمىيىسى تۇنىسقا كىرگەندە، كىشىلەر ئۇلارنى «ياشىسۇن دې گول» دېگەن شوئار بىلەن قارشى ئالدى. بۇ چاغدا مەملىكەتلىك قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەت كومىتېتى قۇرۇلۇپ، سىياسىي ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل تەشكىلاتلار بىرلىشىپ، گېنېرال دې گولغا ۋە ئۇلار بېكىتكەن پرىنسىپنى پۈتۈنلەي ئەستە ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنى ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇرىدىغانلىقىنى بىردەك بىلدۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالجىردا «دې گول رەئىسلىكىدىكى مەركىزىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىشنى ھەمدە گېنېرال گىرائۇدنى ھەربىي باشلىقلىققا تەيىنلەش» نى تەلەپ قىلدى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، گىرائۇد ئاخىر دې گولنى فرانسىيە مەركىزىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنى ئورتاق تەشكىللەش ئۈچۈن دەرھال ئالجىرغا كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن دې گول تۇنجى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

1943 ـ يىلى 30 ـ مايدا دې گول ئالجىرغا يېتىپ كەلدى، 31 ـ مايدا قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپ دۆلەتلىك فرومېنتىن ئوتتۇرا مەكتىپىدە كەسكىن تالاش ـ تارتىش بىلەن بىر يىغىن ئۆتكۈزدى. دې گول ئالجىرىيە باش ۋالىيسى پېرۇدۇن، ماراكەش باش ۋالىيسى گېنېرال نوگائې ۋە فرانسىيىگە قاراشلىق غەربىي ئافرىقىنىڭ باش ۋالىيسى گېنېرال بوۋاسونى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى، كېيىن پېرۇدۇننىڭ ئۆزلۈكىدىن ئىستېپا بېرىشى بىلەن ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە مەلۇم دەرىجىدە يول قويدى. 3 ـ ئىيۇندىكى يىغىندا فرانسىيە مىللىي ئازادلىق كومىتېتى قۇرۇش توغرىسىدىكى كېلىشىم تېزلا ئىمزالاندى. دې گول بىلەن گىرائۇد ئورتاق رەئىس بولدى. دې گول تەرەپدارلىرىدىن كارترۇ، موسسىيگېر ۋە فىلىپ؛

گىرائۇد تەرەپدارلىرىدىن گېئورگې ۋە مونېل بار ئىدى. كومىتېت ئۆزىنىڭ فرانسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇرۇش قىلغۇچى كۈچلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە فرانسىيىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مۇستەبىتلىك خاھىشى ئېنىق ئىنكار قىلىندى. «كومىتېت تاكى ھوقۇقنى كەلگۈسىدىكى جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنگە قەدەر فرانسىيە پۇقرالىرىنىڭ بارلىق ئەركىنلىكىنى، جۇمھۇرىيەت قانۇنىنى، جۇمھۇرىيەت تۈزۈملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەمدە ھازىر بۇ دۆلەتتە شەخسىي ھوقۇق ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان زالىم ھۆكۈمرانلىقنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلىشقا كاپالەت بەردى.»

5 ـ ئىيۇن ئازادلىق كومىتېتىنىڭ 2 ـ سانلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ بېكىتىلدى. كارترۇنىڭ ئەسلىي ۋەزىپىسى ساقلاپ قېلىندى، گېئورگې دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى، موسسىيگېر بىلەن فىلىپ دىپلوماتىيە ھەيئىتى ۋە ئىچكى ئىشلار ھەيئىتى بولدى. تامۆېر مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى، پىلىۋون مۇستەملىكە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى، مونېل ھەربىي ھازىرلىقلار ۋە تەمىنات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى، ۋەھاكازا. ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىش مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلدى، ھەيئەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى گېنېرال گېئورگىنىڭ گىرائۇدقا ئارمىيە ھوقۇقىنى تولۇق بېرىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى رەت قىلدى. مۇشۇ تەكلىپكە بىنائەن، گىرائۇد يەنىلا رەئىسلەرنىڭ بىرى بولدى، لېكىن ھەربىي ئىشلاردا كومىتېتنىڭ چەكلىمىسىگە ئەمدى ئۇچرىمايتتى. دې گول: ھەربىي ۋەزىپە ئىنتايىن مۇشكۇل بولۇۋاتقان ئەھۋالدا باش قوماندان ئىنتىپاقداش ئارمىيە قوماندانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە ئەۋەتىلىشى كېرەك. گىرائۇد ئالدىنقى سەپكە تېزدىن بېرىپ

قوماندانلىق قىلىشى لازىم، شۇڭا ئۇنى ھۆكۈمەتتىكى ۋەزىپىسىدىن بوشىتىش كېرەك. ھەربىي ئىشلارنىمۇ بىر پەۋقۇلئاددە كومىتېت بىر تەرەپ قىلىشى، گىرائۇد بىلەن دې گول ئۇنىڭدا ۋەزىپە ئۆتىشى لازىم. ئەمما، بۇ كومىتېت ئاخىرىدا ھۆكۈمەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى كېرەك، دەپ تەكلىپ بەردى.

لېكىن، گىرائۇد بىلەن ئۇنىڭ دوستى گېئورگې بۇنى كەسكىن رەت قىلىپ، يىغىننى قاتمال ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. ئېزىنخاۋېر روزۋېلتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن گىرائۇد ۋە دې گولنى ئۆزى بىلەن بىللە «فرانسىيە قوراللىق كۈچلىرىگە قوماندانلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەشكىللەشكە دائىر مەسىلىلەر» ئۈستىدە سۆھبەتلىشىشكە تەكلىپ قىلدى. يىغىندا دې گول ئۆزىنىڭ تالانتىنى يەنە بىر قېتىم تولۇق نامايان قىلدى. ئۇ ئامېرىكىنىڭ تەھدىتى ئالدىدا قىلچە تەۋرەنمەي: «سىزنىڭ تەدبىرىڭىزنى بىلمەن. سىز تەلەپ قىلغان كاپالەتنى بېرىشكە ھوقۇقۇم يوق. چۈنكى، فرانسىيىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدىكى ئىش، ھەرگىز سىلەرگە تەۋە ئەمەس! فرانسىيىنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى ئىجرا قىلىشىغا ھەرقانداق چەت دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويمايمەن» دېدى. دې گول دەيدىغان گېپىنى دەۋېلىپ، يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ ياتىقىغا قايتىپ كەتتى. ئەتىسى ئۇ ئىتتىپاقداش ئارمىيە باش شتابىدىن ئۆزىنىڭ تۆرلۈك تەلەپلىرىنى يازما ھۆججەت قىلىپ، فرانسىيە ئازادلىق كومىتېتىغا رەسمىي تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

21 ـ ئىيۇندىكى بىر قېتىملىق كومىتېت يىغىنىدا كومىتېت ئەزالىرى گىرائۇدتىن يا فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلىشنى، يا ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ، باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەسلىكنى قارار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دې گول ئۆزى رەئىس بولغان ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەسىس قىلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. بۇ ھەربىي كومىتېت دې گولنىڭ رەھبەرلىكىدە باش

قوماندان، باش شتاب باشلىقى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، فرانسىيە ئارمىيىسىنى تەشكىللەش، ئەسكەر قوبۇل قىلىش ۋە بىرلەشتۈرۈش ھەمدە ئۇلارنى جەڭ مەيدانلىرىغا ۋە جايلارغا تەقسىم قىلىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە قارار چىقىراتتى. ئىجرا قىلىش مەسىلىسىدە ئىككى ئالىي ھەربىي باش قوماندانلىق شتابى ئايرىم قۇرۇلماقچى بولدى. گىرائۇد يەنىلا شىمالىي ئافرىقا قوماندانلىق شتابىغا مەسئۇل بولىدىغان، دې گول فرانسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ باشقا جايلىرى ۋە فرانسىيىنىڭ فاشىستلارغا قارشى ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولىدىغان بولدى. كىشىنى چۆچۈتىدىغىنى شۇكى، گىرائۇد بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دې گول فرانسىيىنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق داھىيسى ۋە ئالىي ھەربىي قوماندانى بولۇپ قالدى. 2 - ئىيۇل گىرائۇد روزۋېلتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئامېرىكىغا زىيارەتكە كەتتى، بۇ دې گول ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ئىدى: ئۇ ئەمدى بىر كومىتېتنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان ھۆكۈمەتكە ئايلاندۇرالايتتى. بۇ مەزگىلدە دې گول قانۇن كومىتېتى، ئەرزىيەت كومىتېتى قاتارلىق بەزى كومىتېتلارنى تەسىس قىلدى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئىككى باشلىقلىق تۈزۈمىنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىمىغانلىقتىن، دې گولنىڭ خىزمەتلىرى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، نام - ئاتاقتىن باشقا، فرانسىيە مىللىي ئازادلىق كومىتېتى ھەممە جەھەتتە دې گول باش مىنىستىرلىقىدىكى فرانسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئايلانغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## سەككىزىنچى باب غەلبە يولى

دې گولنىڭ گىرائۇد ئۈستىدىن غەلبە قىلىشى ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە فرانسىيە زېمىنىدىكى كۈرىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. بۇ چاغدا فرانسىيىنىڭ ئۆزىدىمۇ فاشىستلارغا قارشى بىرمۇنچە تەشكىلاتلار قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەئىسى گېئورگې بۇدول ئىدى، مەملىكەت ئىچىدىكى فاشىستلارغا قارشى تۇرغۇن تەشكىلاتلار دې گولنىڭ ئۆز داھىيىسى ۋە ئېزىشكە قارشى كۈرەشتىكى مىللىي ئىرادىسىنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. دې گولنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئاخىر جەم بولغانىدى. ئۇنىڭ ئايالى كېسەلچان قىزى ئاننىنى ئېلىپ ئالجىرغا كەلدى، ئىككىنچى قىزى ئېلزابېتمۇ ئوكسفوردتىن يېتىپ كەلدى، ئوغلى فىلىپ دېڭىز ئارمىيىسىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاكا ــ ئۇكا، ئاچا ــ سىڭىللىرىدىنمۇ ئۈچۈر كەلدى.

1943 ــ يىلى ئەتىيازدا فرانسىيىنىڭ فاشىستلارغا قارشى تۇرۇش قىسمى ئىتتىپاقداش ئارمىيە قوزغىغان ئىنتايىن كەڭ كۆلەملىك تۇنىس ئۇرۇشىغا قاتناشتى. 250 مىڭ كىشىلىك گېرمانىيە ــ ئىتالىيە ئارمىيىسى تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە جەڭدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىنلا شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزنى كېسىپ ئۆتۈپ ئىتالىيە زېمىنىغا يۈرۈش قىلدى. گېنېرال دې گول ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، فرانسىيە جەڭگىۋار قىسمىنى باشلاپ ئىتتىپاقداش ئارمىيە قوزغىغان ئىتالىيە جېڭىگە قاتنىشىپ، ئۆز ۋەتىنىنى تولۇق ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۈچ توپلاشقا بەل باغلىدى.

تۆت يىللىق كۈرەش ئارقىلىق فرانسىيىنىڭ نېمىس فاشىستلىرىغا قارشى تۇرۇش قوراللىق كۈچى كىچىككىنە چوڭىيىپ، 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇلار 230 مىڭ كىشىلىك دالا ئارمىيىسى، 150 مىڭ كىشىلىك مۇستەملىكە ئارمىيىسى، 50 مىڭ ماتروس ۋە 320 توننىلىق فلوت، 1 مىليون 200 مىڭ تونناژلىق مال كېمىسى ۋە سودا كېمىسىگە ئىگە بولدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 500 ئۇرۇش ئايروپىلانى، 30 مىڭ مۇلازىمى بولغان ھاۋا ئارمىيىسىگە ئىگە بولدى. ئىتالىيە ئۇرۇشى باشلىنىشتىن ئىلگىرى دې گول ئۆز ئارمىيىسىنىڭ ھەربىر پولكى، ھەربىر پاراخوتى ۋە ھەربىر ئۇچقۇچىلار شۆبە ئەترىتىنى كۆزىدىن كەچۈرۈپ چىقتى. ئۇ: مەن ھەربىر ئادەمنىڭ كۆزىدىن بىزنىڭ قوراللىق كۈچىمىزنىڭ ئىپتىخارىنى كۆرۈپ يەتتىم، فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇلى مانا شۇنداق يىمىرىلمەس كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە !» دېگەنىدى.

سىتسىلىيە ئارىلى ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئەڭ چوڭ ئارال بولۇپ، يەر كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق، ئاھالىسى 4 مىليون، بۇ ئارال ئاپېننىن يېرىم ئارىلى بىلەن شىمالىي ئافرىقا ئارىلىقىدا بولۇپ، ئەڭ يېقىن يېرى ئىتالىيە زېمىنىغا 3219 مېتىرلا كېلەتتى. ئۇ ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم توسۇق ئىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ پىلانى بويىچە 10 ـ ئىيۇل ھۇجۇم باشلىناتتى، ئالدى بىلەن ھاۋا ئارمىيىسى بومباردىمان قىلىپ، دۈشمەننىڭ دېڭىز، ھاۋا كۈچلىرىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقاندىن كېيىن قۇدرەتلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى قۇرۇقلۇقا چىقىپ مۇھىم جايلارنى ئىگىلەيتتى. ئىتالىيە ئوپېراتسىيىسى مەزگىلىدە ئىتتىپاقداش ئارمىيە فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنىلا تەلەپ قىلىپ، ئۇنى پىلان تۈزۈش ۋە چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقا قاتناشتۇرمىدى. دې گول بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەنىدى. ئۇ «ئەسلىمە» سىدە مۇنداق دەپ يازدى:

«ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە بىزنى ھەر ئاماللار بىلەن قاتناشتۇرمايۋاتقان بولسىمۇ، بىزنىڭ ھازىرقى قوراللىق كۈچىمىز كىشىلەرنى بىزگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق قارارنى بىزنىڭ رۇخسىتىمىزسىز ماقۇللاشقا بولمايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەندۈردى.»

ئىتالىيە ئوپېراتسىيىسىدە دې گول 120 مىڭ كىشىلىك يىراقتا يۇرۇش قىلغۇچى ئۈچ دىۋىزىيىنى جەڭگە قاتناشتۇردى. بۇ قوشۇن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ھۇجۇم قىلغان يېرىنى جەزمەن ئېلىپ، رىمنى ئازاد قىلىش جېڭىدە مۇھىم تۆھپە قوشتى. 1944 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇن دې گولنىڭ ئاۋانگارت قىسمى رىمغا كىردى. 5 ـ ئىيۇن ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە فرانسىيە ئۈچ دۆلەت ئارمىيىسى ئىتالىيىنىڭ پايتەختىنى ئالدى. دې گول بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال پۈتۈن قوشۇندىكى كوماندىرلارغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ: «رىمدىكى زور غەلىبىدە فرانسىيە ئارمىيىسى غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. شۇنداق بولۇشى كېرەك! سىلەر ياخشى قىلدىڭلار! گېنېرال جۇئىن! سىز ۋە سىزنىڭ باشچىلىقىڭىزدىكى ئارمىيە ۋەتەننىڭ ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي ئاقلىدى!» دېدى.

1944 ـ يىلى 18 ـ ئىيۇن فرانسىيە قوشۇنى كورسىكا ئارىلىنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن يەنە ئېلبا ئارىلىنى قايتۇرۇۋېلىپ، دۈشمەننىڭ 2300 ئادىمىنى ئەسىرگە ئالدى، ھەرخىل زەمبىرەكتىن 60 نى ۋە باشقا نۇرغۇن ماددىي ئەشيانى غەنىيمەت ئالدى. ئېلبا ئارىلىنىڭ ئازاد بولۇشى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدا قۇرۇقلۇققا چىقىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

جەنۇبىي ئاتلانتىك ئوكياندا فرانسىيە ئارمىيىسىمۇ غايەت زور جەڭ نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈردى. 1944 ـ يىلى 1 ـ مارت پورا دېڭىزىدا فرانسىيە كرېيسېرى دۈشمەننىڭ بەش پاراخوتىنى چۆكتۈرۈۋەتتى، 19 ـ مارت موربىلىيە دېڭىزىدا يەنە دۈشمەننىڭ

بەش پاراخوتنى چۆكتۈرۈۋەتتى. ئىيۇندا ئادرىياتىك دېڭىزىدا فرانسىيىنىڭ يېنىك كرېيسېرى بىر قېتىمدىلا دۈشمەننىڭ تۆت پاراخوتنى چۆكتۈرۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيە بوغۇزى ۋە نورماندىيىدىكى كەڭ دېڭىز تەۋەلىكىدە قاتنىغان ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنىڭ يېنىك - ئېغىر قوراللانغان بارلىق قىسىملىرىنى فرانسىيە پاراخوتلىرى مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭدى.

ئۇرۇش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ فرانسىيىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مۇنتىزىم ئارمىيىسى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدى. پارتىزان ئەترەتلىرى دۈشمەنگە تۈشمۇتۇشتىن زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ ئامبارلىرى ۋە ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. يېزىلاردىن شەھەرلەرگىچە، تاغلاردىن تۈزلەڭلىكلەرگىچە ھەممە يەردە قىساس يالقۇنى لاۋۇلدىدى.

دې گولنىڭ قايتا - قايتا تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا ئامېرىكا - ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئىنچىكىلەپ مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىر ياۋروپادا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، ياۋروپادا 2 - فرونتنى ئاچماقچى بولدى.

قۇرۇقلۇققا چىقىش ھارپىسىدا دې گول ئەنگلىيە باش ۋەزىرىنىڭ خۇسۇسىي ئايروپىلانى بىلەن ئالجىردىن لوندونغا كېلىپ، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېرچىل، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى ئېيزىنخاۋېر بىلەن بىرلىكتە قۇرۇقلۇققا چىقىش پىلانى ۋە تەييارلىق ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلدى. لېكىن، ۋاقىتنى ئۇرۇنلاشتۇرۇشتا ئېيزىنخاۋېر سەل ئىككىلىنىپ قالدى، قۇرۇقلۇققا چىقىش 3 - ئىيۇندىن 7 - ئىيۇنغىچە بولغان ئارىلىقتا باشلانماقچى ئىدى. بۇ مەزگىل ئۆتۈپ كەتسىلا دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پەسىيىشى شۇنىڭدەك ئاي نۇرى تۈپەيلىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىش ئوپېراتسىيىسى بىر ئايچە كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتەتتى. بۇ بىرنەچچە كۈن ھاۋا بۇزۇلىدىغان ۋاقىت بولۇپ، دېڭىز دولقۇنى كۈچىيىپ كەتكەندە كېمە ۋە قۇرۇقلۇققا چىققۇچى كاتېرلارغا ئىشەنچ قىلغىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

بولمايتتى. لېكىن، كېچىكتۈرۈلسە، يەنە بىر ئاي كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى.

دې گول، مېنىڭ پىكرىم قەتئىي كېچىكتۈرمەسلىك، دەپ ئېنىق بىلدۈردى. ئۇ ھاۋا رايىنىڭ خەۋپ ـ خەتىرى بىرنەچچە ھەپتە كېچىكتۈرۈشنىڭ خەۋپ ـ خەتىرىدەك چوڭ ئەمەس. ۋاقىتنى كېچىكتۈرۈۋەرسەك ئارمىيىدە چېچىلاڭغۇلۇق تۇغۇلىدۇ، ھەربىي مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىش خەۋپىمۇ چوڭىيىپ كېتىدۇ، دەپ قارايتتى.

قورۇقلۇققا چىقىشتىن بىرنەچچە سائەت بۇرۇن دې گول بىلەن ئەتتىپاقداش ئارمىيە سولھىگە كەلدى. يەنى رادىئو ئارقىلىق كۆپلەپ مەخپىي بەلگە بېرىلىپ، فرانسىيە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ ھەرىكەتنى باشلىشىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈلىدىغان بولدى. بىرىنچى، دۈشمەننى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېزىقتۇرۇپ، قورۇقلۇققا چىقىشنىڭ ئېنىق ئورنىنى بىلەلمەيدىغان قىلىۋېتىش؛ ئىككىنچى، دۈشمەن ئارمىيىسىنى بىر زەربە بىلەنلا مەغلۇپ قىلىشقا ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشىپ، ئۇلارنى تېزدىن يىغىلالمايدىغان قىلىۋېتىش؛ ئۈچىنچى، دۈشمەن ئارمىيىسىنى پارچىلاپ، فرانسىيە تۇپرىقىدا ئارام تاپالمايدىغان قىلىۋېتىش.

بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ بىر سائەتتىن كېيىن، ئەنگلىيە رادىئو شىركىتى دىكتورىنىڭ غەلىتە ۋە سىرلىق ئاھاڭدا ھەرىكەت شوئارىنى ئالدىرىماي تەكرارلاۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. ئۇ سۆزنىڭ ھەربىر بوغۇمىنى تەكرارلاپ ئوقۇيتتى: «سەكسەنپۇت سۇت ئەمگۈچى ھايۋان! ... تىمساھ ئۇسساپ كەتتى!... دوختۇر بارلىق كېسەللەرنى دەپنە قىلىدۇ! فروورانىڭ بويىنى قىزىل! ... سۆيۈملۈكۈم، سىز بىلەن ئاۋىنىئودا ئىككى قېتىم كۆرۈشسەم دەيمەن... ياك مېلىبونېغا موھتاج! ... ئەمدى دەرەخنى ئىرغىتىپ نەشپۈت تەرسىگىز بولىدۇ! ... پىپىئاندا پەمىدۇر پىشتى، ئۈزسەك بولىدۇ! فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدا سۆگەتگۈلى قىپقىزىل

پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ!» بۇ ئاگاھلەندۈرۈش بىر سائەت داۋاملاشتى.
بۇ خىل ئاگاھلەندۈرۈش تولا تەكرارلىنىپ قۇلاق كۆنۈپ قالغاچقا، نېمىس ئارمىيىسى ھېچقانداق ئالاھىدە ئىنكاس قايتۇرمىدى، يەنە كېلىپ نېمىس ئارمىيىسىنىڭ ھاۋا رايىدىن بېرىلگەن مەلۇماتىدا ئاي فازىسى بىلەن دېڭىز دولقۇنى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىشىغا پايدىلىق بولسىمۇ، لېكىن ھاۋا ئوسال بولغاچقا ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئالدى بىلەن بىرلەشمە ھۇجۇم قوزغىيالمايدۇ، دېيىلگەنىدى. قۇرۇقلۇققا چىقىش ھارپىسىدا پۇتكۇل نېمىس ئارمىيىسىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى: ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ مۇددىئاسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھاۋا بەك ئوسال بولغاچقا، ئىيۇننىڭ بىرىنچى ھەپتىسىدە ئۇلار ھۇجۇم قوزغىيالمايدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويدى. لېكىن، بۇ چاغدا ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ھاۋادىن توشۇلغان بىرىنچى تۈركۈم قوشۇنى نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىشقا باشلاپ، دەسلەپكى ھۇجۇم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان دېڭىز ئارمىيە قىسىملىرى سېينا قولتۇقىغا كىرگەنىدى.

دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ زور بىر قېتىملىق سۇ ھەم قۇرۇقلۇق ئۇرۇشى 1944 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇن ئاخىر باشلاندى. بىر نەچچە كېچىدىن بۇرۇن فرانسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرى ھەرىكەتنى باشلىۋەتتى. ئۇلار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلغان بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپە دۈشمەننىڭ خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار دۈشمەننىڭ خەۋەرلىشىش، تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، تۈن نىسپىدىن كېيىن فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق نېمىس ئارمىيىسىنىڭ ئاچقۇچلۇق بازىلىرى خەۋەرلىشىشتە ئېغىر توسالغۇغا ئۇچراپ، نېمىس ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق سىستېمىسى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئەنگلىيە تەرەپتە ئالدى بىلەن

ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ترانسپورت ئايروپىلانلىرى، پلانېرلىرى ئۈچۈپ پاراشوتچىلارنى نورماندىيە دېڭىز قىرغىقىنىڭ ئارقىسىدىكى مۇھىم جايلارغا تاشلىدى، تاڭ ئالدىدا ئەنگلىيىنىڭ مىڭدەك ئايروپىلانى ئالدىن بەلگىلەنگەن دۈشمەن ئىستىھكاملىرىنى كەڭ كۆلەمدە بومباردىمان قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھۇجۇمچى قىسىمنىڭ ترانسپورت كېمىلىرى دېڭىز قىرغىقىدىن 10 مىلچە ئىچكىرىگە ھەيدەپ كىرىلدى، ئاندىن چوڭ تىپتىكى قۇرۇقلۇققا چىقىش كاتېرىغا ياكى كىچىك تىپتىكى ھۇجۇمچى كاتېرغا ئۆزگەرتىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى، تەخمىنەن ئەتىگەن سائەت 6دىن ئاشقاندا ئاۋانگارت قىسىم قۇرۇقلۇققا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىپ، خېلى مۇستەھكەم كىچىك ئىستىھكاملىرىنى قۇرۇۋالدى. سەھەردە فرانسىيە دېڭىز قىرغىقىدىن خەۋەر كېلىپ، ھۇجۇم قىلغۇچى قىسىمنىڭ دۈشمەننىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىماي دېگۈدەكلا ئەنگلىيە بوغۇزىدىن ئۆتكەنلىكى، دېڭىزدىن ۋە ھاۋادىن توشۇلغان قىسىملارنىڭ ھەممىسى قۇرۇقلۇققا چىقىپ ئىستىھكاملىرىنى مۇستەھكەملەۋاتقانلىقى ئىسپاتلاندى.

6 ـ ئىيۇن چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9دىن 17 مىنۇت ئۆتكەندە، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئالىي قوماندانلىق شتابى ھۇجۇم خەۋىرىنى ئېلان قىلدى. ئېلاندا: «قۇدرەتلىك ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ دېڭىزدىن توشۇلغان قىسىملىرى بۈگۈن ئەتىگەندە فرانسىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى دېڭىز بويىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى» دېيىلگەنىدى. گىتلېر جىنىنىڭ بارىچە ماختىغان «ئاتلانتىك ئوكيان تېمى» بۇزۇلۇپ، غەربىي سەپتىكى نېمىس ئارمىيىسىنى تارمار قىلىشقا ئاساس سېلىندى.

قۇرۇقلۇققا چىققان كۈنىنىڭ ئەتىسى، يەنى 7 ـ ئىيۇن تاڭ سۈزۈلگەندە ئەنگلىيە مارشالى مونتگومېر نورماندىيىدە جەڭ قىلىۋاتقان ئىتتىپاقداش ئارمىيە قىسىملىرىغا «ھەممىگە قادىر

خۇدا كۇرەش قىلماقتا» دېگەن نام بىلەن ھەربىكەت بۇيرۇقى چۈشۈرگەندىن كېيىن، فرانسىيىنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا يېتىپ كېلىپ قوماندانلىق شتابى قۇردى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە نورماندىيىدە قورۇقلۇقا چىققاندىن كېيىن توسقۇنسىز ئىلگىرىلىدى، نېمىس ئارمىيىسى بولسا ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى.

گېنېرال دې گول لوندونغا يېڭىۋاشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشقاچ، فرانسىيىنىڭ ئىچكى جايلىرىدىكى ئارمىيە ۋە مۇنتىزىم ئارمىيىسىنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىشىغا پائال تەييارلىق كۆردى ۋە قوماندانلىق قىلدى. ئۇ جەڭگىۋار فرانسىيىنىڭ فلوتلىرى، ئايروپىلانلىرى، پاراشوتچىلىرى، زەربىدار ئەترەتلىرى ۋە يول باشلىغۇچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيە بىلەن بىللە نېرىقى قىرغاقتا غەلىبىلىك يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق ھاياجانلاندى. ئۇ مۇشۇ كۈننى ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقانىدى. 14 - ئىيۇن گېنېرال دې گول «كۇرەش» ناملىق قوغلىغۇچى پاراخوتتا ئولتۇرۇپ فرانسىيە تۇپرىقىغا قايتا قەدەم قويدى. ئۇ قىرغاققا چىقىشى بىلەنلا فرانسىيە خەلقى ۋە قوراللىق خادىملارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. دې گول بېيول شەھىرىگە كىرىپ كوچىدىن پىيادە ئۆتكەندە ئاھالىلەر باشتا ھەيران قېلىپ، ئارقىدىنلا قىزغىن ئالقىش سادالىرىنى ياڭراتتى، بەزىلەر ياش تۆكۈپ يىغلاشتى. ئۇلار دې گولغا تۆت يىلدىن بۇيانقى ئازابلىق تورمۇشى ۋە فاشىست باندىتلىرىنىڭ بۇ يەردە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشتى. شۇ جاينىڭ يەرلىك ئەمەلدارى ئاممىغا: «شان - شەرەپ ۋەتەنگە مەنسۇپ! گېنېرالىمىز دې گول قايتىپ كەلدى!» دېدى. قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە دې گول ئۆز خەلقىگە: «دۈشمەن ھامان دۈشمەن، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىش، فرانسىيە

چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ. راست گەپنى قىلغاندا، مىللىي ئىنقىلاب دېگەن مانا شۇ ئەمەسمۇ؟» دېدى.

دې گول يىغىلىشتا خەلقنى پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ جەڭ قىلىشىغا ياردەم بېرىشكە؛ فرانسىيىنىڭ ئىچكى جايلىرىدىكى ئارمىيىنىڭ ۋە مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ جەڭ قىلىشىغا پائال ياردەم بېرىشكە، ئۆز ۋەتىنىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا چاقىردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز فرانسىيىلىكلەر 6 ـ ئىيۇننى مەڭگۈ ئەستە ساقلىشىمىز كېرەك، بۇ كۈن ئۇلۇغ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ تۇنجى كۈنى. شۇ كۈندىن باشلاپ بىز فرانسىيە تۇپرىقىدا قايتۇرما ھۇجۇم باشلىدۇق؛ مۇشۇ كۈندىن باشلاپ بىز غەلىبىگە ئېرىشىمىز، دۆلىتىمىز ۋە مىللىتىمىز فاشىستلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن ئازاد بولىدۇ!» ئاخىرىدا ئۇ ئاتاقلىق شائىر بايروننىڭ «دون ـ رۇون» ناملىق شېئىرىدىكى بىرنەچچە مىسرانى ئوقۇپ بەردى.

1943 ـ يىلى نويابىردىلا دې گول فرانسىيىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەرنى ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالجىردىكى ۋاقىتلىق «فرانسىيە ھەرىكەت كومىتېتى» قۇرۇپ، ئۆزى رەئىس بولغانىدى. 1944 ـ يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە فرانسىيىنىڭ ئىچىدىكى يەر ئاستى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ بارلىق قوراللىق كۈچلىرى ۋە قوراللانمىغان ھەربىي تەشكىلاتلار «فرانسىيە ئىچكى ئارمىيىسى» رەھبەرلىكىدە بىرلىككە كەلگەنىدى. بۇ قوشۇنغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈچلىرىنىڭ ھەرقايسى قوراللىق گۇرۇپپىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئالاقە قىلماسلىق، بەزىدە ئۆزئارا زىتلىشىپ قېلىشتەك قالايمىقان ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن گېنېرال كونىش باش قوماندانلىققا تەيىنلەندى. ئەنگلىيىدە تۇرۇۋاتقان بارلىق فرانسىيە ئارمىيىسى ھەمدە ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ

قورۇقلۇقتا چىققۇچى قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ جەڭ قىلالايدىغان فىرانسىيە ئىچكى ئارمىيە قىسىملىرى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. دې گولنىڭ «فىرانسىيىنى ئازاد قىلىش» چاقىرىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىچكى ئارمىيە ناھايىتى تېز ھەرىكەتكە كەلدى.

ئېزىنخاۋېر فىرانسىيە ئىچكى ئارمىيىسىنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە ماسلىشىپ جەڭ قىلىش جەھەتتە قوشقان تۆھپىسى 15 مۇنتىزىم دىۋىزىيىنىڭ قوشقان تۆھپىسىگە باراۋەر كېلىدۇ، دەپ مۆلچەرلىگەنىدى. ئىچكى ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋار ئىش ئىزلىرى فىرانسىيىدە ئىنتايىن زور ئىنكاس قوزغاپ، فىرانسىيە خەلقىنىڭ كۆرەش قىلىشىغا كۈچلۈك ئىلھام بەردى. ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، مەملىكەت بويىچە 40 ئۆلكىدە قوزغىلاڭچى قوشۇن بارلىققا كەلدى. نۇرغۇن جايلارنىڭ كۆپ قىسمى پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى، يېڭى ئازاد ھاكىمىيەتمۇ بارلىققا كەلدى. كىشىلەرنىڭ مەيدىسىگە، تاملارغا، ئاممىۋى خاتىرە بۇيۇملىرىنىڭ بايرىقىغا لورراتېن كرېست بەلگىسى ئېسىلدى.

ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىتتىپاقداش ئارمىيە پارىژغا قىستاپ كېلىپ مۇھاسىرە ھاسىل قىلدى، فىرانسىيىنىڭ پايتەختى ئازاد بولىدىغان كۈنلەر ساناقلىقلا قالغانىدى. 20 - ئاۋغۇست دې گول پارىژنى ئازاد قىلىش ئورۇشىغا قاتنىشىش ئالدىدا تۇرغان ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرگە مۇنداق دېدى: «بىز چىققان مۇشەققەتلىك تاغ چوققىسى بىزنىڭ تارىخىمىزدىكى ئەڭ زور سىناق، لېكىن بىزنىڭ قانداق چوڭقۇر ھاڭدىن تىرمىشىپ چىققانلىقىمىز، شۇنداقلا قانداق چوققىغا ئۆرلەيدىغانلىقىمىز ئۆزىمىزگە ئايان.»

تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان پارىژ ئىزچىل تۇردە كىشىلەرنى يىرگەندۈرىدىغان ناتسىستلار گېرمانىيىسى ئىشغالىيەتچى ئارمىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولۇپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەنىدى. بۇ مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە پارىژ كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم نۇقتا بولۇپ قالدى. ھەربىي قوماندانلارنىڭ پىلانلىرى، ھۆكۈمەت پىلانى، ئامىمىنىڭ ئارزۇسى ھەممىدە قارارا نىيەتلەرنىڭ سۈيىقەستى پۈتۈنلەي پارىژغا مۇجەسسەملەنگەنىدى. دې گول ئىنتايىن يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «مەملىكەتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا مەيلى قايسى مەيداندا تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ بارلىققا كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلماقچى بولغان ياكى ھېچبولمىغاندا بۇ ئەھۋالنىڭ بۇنداق مۇكەممەل بولۇشىنى خالىمىغان كىشىلەر ئازادلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدىن تۇرلۇك ئاماللار بىلەن پايدىلىنىپ، كىشىنى قىيىن ئەھۋالغا قالدۇرىدىغان ۋەزىيەت پەيدا قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ناۋادا قولىدىن كەلسە، بىزنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچىمۇ بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، مىللىتىمىز ئۆز يولىنى تاللىۋالدى، ئامىمىنىڭ ئاڭلىقلىقى بۇ سۈيىقەستلەرنى بىتچىت قىلىپ تاشلايدۇ.»

مۇشۇنداق پەيتتە سەكرەپ چىققان ئادەم سىبىسىق نامى پۇر كەتكەن پېئىرلاۋال ئىدى. 1940 ـ يىلى ئۇ گېتلېرغا تەسلىم بولۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن ۋىشى ھۆكۈمىتىدە دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋە باش مىنىستىر بولغان. ئۇ گېرمانىيىلىكلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا «مىللىي پارلامېنت يىغىنى چاقىرىپ، ئاتالمىش بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرماقچى بولغان، ئاندىن ئۇنى قانۇنلۇق ھۆكۈمەت قىلىپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن دې گولنىڭ پايتەختكە كىرىشىنى قارشى ئالماقچى بولدى. مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇ دې گولدىن بۇرۇن ھۆكۈمەت تەشكىللەپ، خەلق ئىچىدە ئاۋام رىئاللىقنى قوبۇل قىلىپ، دې گولنىڭ ھەربىي ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇردى، دېگەن پاكىتنى پەيدا قىلاتتى.

دې گول باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى زاتلار بۇ سۈيىقەستكە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، سۈيىقەستنى پاش قىلدى. 14 ـ ئىيۇلدا پارىژ شەھەر ئەتراپىدىكى كىشىلەر داغدۇغىلىق

نامايىش ئۆتكۈزدى، كىشىلەر تۇشمۇتۇشقا ئۈچ رەڭلىك بايراقنى قاداپ، «مارسىل مارشى» نى ياڭراق ئاۋاز بىلەن ئېيتىپ، «ياشىسۇن دې گول !» دەپ ئۇنلۇك توۋلىدى. 10 ـ ئاۋغۇستتا تۆمۈر يول ئىشچىلىرى ئىش تاشلىدى. 15 ـ ئاۋغۇستتا ساقچىلار ئىش تاشلىدى، 18 ـ ئاۋغۇستتا پوچتا ـ تېلېگراف خادىملىرى ئىش تاشلىدى، پارىژلىقلارنىڭ قەلبى دې گولغا تەلپۈنەتتى، كىشىلەر ئازادلىققا تەشنا ئىدى.

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازاد بولۇشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن دې گول گېنېرال كوشېرنى «فرانسىيە ئىچكى ئارمىيىسى» جەنۇبىي ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى. فرانسىيە 1 ـ گۇرۇپپىۋوي ئارمىيىسىدە ئالاقە ئورنى تەسىس قىلىندى، فرانسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدىمۇ فرانسىيە ئىچكى ئارمىيە ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، بۇ قىسىمنىڭ يۆتكىلىش ۋە قوماندانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى. گېنېرال دې گول: «فرانسىيىنىڭ پايتەختىنى فرانسىيىنىڭ ئۆز ئارمىيىسى ئازاد قىلىشى كېرەك!» دەپ قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى. گېنېرال دې گولنىڭ تەلىپى بىلەن گېنېرال لې كلاير باشچىلىقىدىكى فرانسىيە 2 ـ برونېۋىك دىۋىزىيىسى پارىژغا ئۇچقاندەك يۈرۈش قىلدى.

گېنېرال لې كلاير پارىژنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، دادىل ھەرىكەت قوللىنىشنى قارار قىلىپ، ئاۋۋال 1 ـ تۈركۈمدىكى بىرنەچچە جەڭگىۋار قىسىمنى ئەۋەتتى، جەڭگىۋار قىسىملار 24 ـ ئاۋغۇستتا رامبۇئىللېتتىن يولغا چىقىپ، نېمىس ئارمىيىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ پارىژغا ئىلگىرىلىدى. شۇ كۈنى كەچ سائەت 9دىن ئاشقاندا ئالدىن يۈرگۈچى تانكا قىسمى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئالدىدىكى مەيدانغا كىردى، ئەتىسى لې كلاير پارىژغا يېتىپ كېلىپ گېرمانىيە قوماندانى بىلەن گېرمانىيىنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ تەسلىم كېلىشىمىنى ئىمزالاپ، پارىژنى رەسمىي ئۆتكۈزۈۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

24 ـ ئاۋغۇست گېنېرال دې گول سىنا ئۇلكىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى. ئۇ يەردە ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئەمەلدارلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. كىشىلەر: «قاراڭ، گېنېرال، مەملىكەتلىك قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى كومىتېتى ۋە پارىژ ئازادلىق كومىتېتى سىزنىڭ ئەتراپىڭىزغا ئۇيۇشتى، سىزنىڭ بۇ يەرگە يىغىلغان خەلق ئاممىسى ئالدىدا جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلاپ بېرىشىڭىزنى سورايمىز» دېيىشتى. دې گول جاۋاب بېرىپ: «جۇمھۇرىيەت ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، ئەركىن فرانسىيە، جەڭگىۋار فرانسىيە ۋە فرانسىيە مىللىي ئازادلىق كومىتېتى بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ ئىناۋەتسىز ۋە قانۇنسىز ھۆكۈمەت، مەن جۇمھۇرىيەتنىڭ رەئىسى تۇرسام، نېمە ئۈچۈن يەنە جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلايمەن؟» دېدى. گېنېرال دېرىزە ئالدىغا كېلىپ مەيداندىكى سانجاق ـ سانجاق ئاممىغا قول پۇلاڭلىتىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ: «ياشىسۇن فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى!» دەپ توۋلىدى.

پارىژنىڭ ئازاد بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ناھايىتى تېزلا پۈتۈن فرانسىيىگە ۋە پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى، پۈتكۈل پارىژ شادلىق قايىنىمىغا چۆمۈلدى. گېنېرال دې گول چۈشتىن كېيىن پارىژغا يېتىپ كېلىپ كونا قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ئورنىدا باش شتاب تەسىس قىلدى، كەچتە ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ بەزى ئاساسلىق رەھبەرلىرى ھەم گېنېرال لې كلاير ۋە گېنېرال جۇخاننىڭ ھەمراھلىقىدا ئەركىن فرانسىيىنىڭ رەھبىرى سۈپىتىدە شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئالدىدىكى شاد ـ خۇراملىققا چۆمگەن ئامما ئالدىدا پەيدا بولدى.

1944 ـ يىلى 25 ـ ئاۋغۇست گېنېرال دې گول پارىژ شەھەرلىك ھۆكۈمەت سارىيىدا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان ھەربىي ـ مۇلكىي ئەمەلدارلارغا ۋە ھەر

ساھەدىكىلەرگە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

سىلەر نېمە ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىمىزدە، ئازادلىق ئۈچۈن قوزغالغان ۋە ئۆز قولىمىز بىلەن ئازاد قىلغان پارىژدا ھەممىمىزنى ھاياجانغا سېلىۋاتقان ئىچكى ھېسسىياتلارنى يوشۇرىسىلەر؟ قەتئىي يوشۇرماسلىقىمىز كېرەك. بىز بۇنداق چوڭقۇر ھەم مۇقەددەس ھاياجىنىمىزنى يوشۇرالمايمىز. بۇ بىزنىڭ بەختىمىز ھاياتىمىزدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان دەقىقە!

پارىژ! دۈشمەنلەر ئاياغ ئاستى قىلغان پارىژ! ۋەھشىيلەرنىڭ بوزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان پارىژ! ھەددى - ھېسابسىز كۆلپەتلەرنى تارتقان پارىژ! پارىژ ئاخىر ئازاد بولدى! پارىژنى ئۆزى ئۆزى ئازاد قىلدى. پارىژ ئۆز خەلقى بىلەن فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ ھەمكارلىقىدا پۈتۈن فرانسىيە، كۈرەشچان فرانسىيە، بىردىنبىر فرانسىيە، ھەقىقىي فرانسىيە، مەڭگۈلۈك فرانسىيىنىڭ ياردىمىدە ۋە قوللىشى ئارقىسىدا ئازاد بولدى.

ئەلۋەتتە، پارىژنى بېسىۋالغان دۈشمەنلەر بىزنىڭ قولىمىزدا تەسلىم بولدى. فرانسىيە يەنە پارىژغا قايتىپ كەلدى، ئۇ يەنە ئۆز ئائىلىسىگە قايتىپ كەلدى. فرانسىيە پۈتۈنلەي زەخىملەنگەن ھالدا پارىژغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كەسكىن ۋە قەتئىي فرانسىيە پارىژغا قايتىپ كەلگەندە سانسىز ساۋاقلار ئۇنى سەگەكلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇقىنى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ روشەن كۆردى.

مەن ئاۋۋال ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتىنى سۆزلەپ ئۆتەي، ھازىر بىز بارلىق مەجبۇرىيەتنى ئۇرۇش قىلىش مەجبۇرىيىتى دەپ يىغىنچاقلايمىز. دۈشمەن گەرچە لىڭشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ باش ئەگكىنى يوق. ئۇلار يەنىلا بىزنىڭ زېمىنىمىزدا تۇرماقتا: بىز سۆيۈملۈك ۋە كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئىتتىپاقداش ئارمىيە دۈشمەننى زېمىنىمىزدىن قوغلىۋېتەلەيدۇ دەپ قانائەتلەنسەك بولمايدۇ، ئۆتمۈشىمىز بىلەن

قانائەتلىنىپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بىز غەلىبە قىلغۇچى سۇپىتىدە ئۇلارنى دۆلىتىنىڭ چېگراسىغا قوغلاپ بېرىشىمىز كېرەك. شۇڭا، فرانسىيىنىڭ ئاۋانگارت قىسىملىرى تۇپ - زەمبىرەكلەر بىلەن پارىژغا بېسىپ كىرەلىدى، ئىتالىيىدە فرانسىيىنىڭ بۈيۈك ئارمىيىسى جەنۇبتا قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن روننى دەرياسىغا تېزلىك بىلەن يۈرۈش قىلدى. باتۇر ۋە سۆيۈملۈك ئىچكى ئارمىيىمىز يېڭى تىپتىكى قوراللار بىلەن قوراللىنالىدى. بۇ نومۇسنى ئاقلاش ئۈچۈن، ئىنتىقام ۋە ھەقىقەت ئۈچۈن، بىز داۋاملىق كۈرەش قىلىشىمىز، تولۇق ۋە ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە قىلغۇچى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم. مەيداندىكى قېرىنداشلار، ئۇنىڭدىن باشقا فرانسىيىدىكى بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلايدىغان كىشىلەر بۇ ئۇرۇشنىڭ مەجبۇرىيىتى پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشى كېرەك.

نۆۋەتتىكى ئەھۋالدا دۆلەت ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى بۇزۇشقا يول قويمايدۇ، دۆلەت غەلىبە ئۈچۈن، قايتا گۈللىنىش ئۈچۈن، قۇدرەت تېپىش ئۈچۈن ئۆز ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇشى زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. دۆلەت ئۆز ئوغلانلىرىنى، بارلىق ئوغۇل - قىزلىرىنى (دۈشمەن قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان بىرنەچچە رەزىل ۋەتەن خائىنلىرىدىن باشقا، بارلىق ئوغۇل - قىزلار دۆلەت قانۇنىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى بىلىدۇ ياكى كەلگۈسىدە بىلىپ قالىدۇ) چۈشىنىدۇ. شۇنداق، فرانسىيىنىڭ بارلىق ئوغۇل - قىزلىرى قېرىنداشلارچە قول تۇتۇشۇپ فرانسىيىنىڭ نىشانىغا يۈرۈش قىلىشى كېرەك.

ياشىسۇن فرانسىيە!

26 ـ ئاۋغۇست دې گول يەنە رەسمىي شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، يول بويلىرى شادىمان ئامما بىلەن تولغانىدى. تۇشمۇتۇشتا بايراقلار جەۋلان قىلاتتى. ئورلىغان

www.uyghurkitap.com

دەرۋازىسىنىڭ ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بولۇپ، تەنتەنە ساداسى جاھاننى لەرزىگە سالاتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت 3تە دې گول زەپەر دەرۋازىسىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە، رەسىم ـ قائىدە، ئۆرپ ـ ئادەتكە قارىماي زەپەر دەرۋازىسىدىن پىيادە يۈرۈپ، چېركاۋغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۇزۇن قوللىرىنى دەممۇدەم كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا قارشى ئېلىنغان پارىژ خەلقىگە ھۆرمەت بىلدۈرەتتى، ئۇ ئاستا ھەم سالماق قەدەم تاشلاپ ئوتتۇرا ئەسىردىكى فرانسىيىنىڭ گوت ئۇسلۇبىدا سېلىنغان چېركاۋغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ چېركاۋ فرانسىيە تارىخىنىڭ سىمۋولى ئىدى. لىۋورل كوچىسىدا دې گول ماشىنا بىلەن ئەڭ ئاخىرقى مۇساپىنى باستى، دې گول كېيىن بۇ ئىشنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «ھەممە دېرىزىلەردە ئادەم، كىشىلەر ئارىسىدا نۇرغۇن بايراقلارمۇ لەپىلدەپ تۇراتتى، شوتا ۋە تۈۋرۈك ئۈستىلىرىگىمۇ ئادەملەر يامىشىپ چىقىۋالغانىدى. كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغانلىكى جايدا قۇياش ئىللىق نۇر تۆكۈپ، جەۋلان قىلىۋاتقان دۆلەت بايرىقى ئاستىدا كىشىلەر غايەت زور دولقۇن ھاسىل قىلغانىدى.»

1944 ـ يىلى 29 ـ ئاۋغۇست دې گول پارىژ رادىئوسىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

*فرانسىيە پارىژنى غەلىبىگە باشلىغان بارلىق كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىمىز. بىز پارىژ خەلقىگە رەھمەت ئېيتىمىز، ئۇلار مەغلۇبىيەت ۋە تىز پۈكۈشنى ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلغان ئەمەس. دۈشمەننى زەربە بىلەن چېكىندۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەردە تاجاۋۇزچىلارغا ئۇزاق مۇددەت قارشىلىق كۆرسەتكەن باتۇر ئوغۇل ـ قىزلارغا رەھمەت، قورقۇنچلۇق ئەسەبىي دولقۇن ئۆتۈپ كەتتى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى غالىبىيەت ۋە ھۆرلۈك ھاۋاسىدىن خۇشال ـ خۇرام نەپەس ئالماقتا، ھەممە يەردە مىسلىسىز*

www.uyghurkitap.com

*ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىك نامايان بولماقتا. دۆلىتىمىز بۈگۈندىن ئۈمىدكە تولدى ھەمدە غالىب دۆلەتكە ئايلىنىشقا تولۇق ئىشەنچ بارلىقىنى ھېس قىلدى. بىزنىڭ كەلگۈسىمىز باھاردەك گۈزەل. بىز دۇنيادىن قايتا ئورۇن ئالالايمىز ھەم بۇرۇنقىدەك ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتلەر قاتارىغا كىرىمىز.*

ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئازاد بولدى. 1944 ـ يىلى نويابىرغا كەلگەندە گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردىن ئالساس ۋە لوررېنىلا قالدى. بۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەت مىسلىسىز ئىتتىپاقلىشىپ، ئاما تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن يېڭى ھاياتقا تەلپۈنمەكتە ئىدى، بۇنداق ۋەزىيەتتە گېنېرال دې گول ئالجىر ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، فرانسىيە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى ھۆكۈمەتكە كىرگۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى تەشكىلاتى مەملىكەت ئىچىدە قۇرغان بەزى ۋاقىتلىق ئاپپاراتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەنئەنىۋى دۆلەت ئاپپاراتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. دې گولنىڭ نوپۇزىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئېتىراپ قىلدى. تاجاۋۇزچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇش، ئومۇمىي خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش فرانسىيىنى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن تەڭ قاتاردا تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

# توققۇزىنچى باب فرانسىيىنى قايتا گۈللەندۈرۈش

پارىژنىڭ ئازاد بولۇشى دې گولغا غايەت زور شان ـ شەرەپ ۋە شادلىق بېغىشلىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق بىئارام قىلىۋاتقان بىر ئىشمۇ بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ئامېرىكا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى دې گول ھاكىمىيىتىنى ھازىرغا قەدەر ئېتىراپ قىلمايۋاتاتتى، بۇ ھال فرانسىيىنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا نۇرغۇن قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. يەنە كېلىپ، بۇنىڭدا ئامېرىكىنىڭ پوزىتسىيىسى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. دې گول تېگىشلىك ئورنىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئامېرىكىنى يەنە بىر قېتىم زىيارەت قىلىش قارارىغا كەلدى.

زۇڭتۇڭ روزۋېلت قۇللۇقتىن تەلتۆكۈس ئازاد بولغان فرانسىيە خەلقىلا ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ھۆكۈمەتنى ئادىل سايلاپ چىقالايدۇ، دەپ قارايتتى، ئۇ ھەربىي ھاكىمىيەت رەھبەرلىك قىلغان ھۆكۈمەت ئەمەس، بەلكى ھايات قالغان فرانسىيە مۇلكىي ئەمەلدارلىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ گېنېرال دې گولنى ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن قوللاشنى ئىزچىل رەت قىلىپ كەلگەنىدى.

دې گول ئەسلىدە 6 ـ ئىيۇندىن 8 ـ ئىيۇنغىچە ۋاشىنگتوننى زىيارەت قىلىشقا ماقۇل بولغانىدى، لېكىن روزۋېلتنىڭ پوزىتسىيىسى قاتتىق بولغاچقا، زىيارەتنى كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. 9 ـ ئىيۇندىن 20 ـ ئىيۇنغىچە بولغان ئارىلىقتا بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگ، يۇگوسلاۋىيە، نورۋېگىيە، پولشا ۋە چېخ ـ سلوۋاكىيىلەرنىڭ قاچاق ھۆكۈمىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئىتتىراپ قىلدى. 1944 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇن دې گول فرانسىيىنىڭ شىمالىي رايونلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەنە دۆلەت رەھبىرى سۈپىتىدە ئىتالىيە ۋە ۋاتىكاننى زىيارەت قىلدى. مانا بۇلار ئۇنىڭ ئورنىنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈردى.

1944 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇل دې گول ۋاشىنگتونغا ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇ ئايرودرومدا دۆلەت رەھبىرى سۈپىتىدە 21 پاي ھۆرمەت توپى بىلەن ئەمەس، بەلكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي رەھبەر قاتارىدا 17 پاي ھۆرمەت توپى بىلەن قارشى ئېلىندى. دې گول ۋاشىنگتونغا يېتىپ بارغاندىن باشلاپ روزۋېلت ھەر خىل سورۇنلاردا قىلغان سۆزىدە دې گولنى رەسمىي تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكىنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان مەيدانى ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ئەسكەرتىپ تۇردى. دې گول ئامېرىكىنى زىيارەت قىلغان مەزگىلدە روزۋېلت ئىككى قېتىم ئايرىم كۆرۈشتى، ئۇلار فرانسىيە ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ۋە كەلگۈسى دۇنيانىڭ تەشكىللىنىش مەسىلىسى ھەققىدە ئىزدەندى.

كۆرۈشۈشتىن كېيىن روزۋېلت 11 ـ ئىيۇل ئاقسارايدا مۇخبىرلارنى كۇتۇۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ يەنىلا بۇرۇنقى مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى، فرانسىيە خەلقى ئۆز ھۆكۈمىتىنى سايلاپ چىققۇچە فرانسىيە مىللىي كومىتېتىنى خەلق ئىشلىرى ئورگىنى قاتارىدا كۆرۈشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. روزۋېلت مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە: «دې گول كومىتېتىنى فرانسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى دەپ قارىمايدىغانلىقى»نى ئېنىق كۆرسەتتى. قىسقىسى، دې گول بۇ قېتىم ئامېرىكىغا قىلغان زىيارىتىدە ماھىيەتلىك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە زادىلا ئىشەنمەيتتى، ئۇلار بۇرۇنقى توقۇنۇشلارنى ئۇنتۇپ

كېتەلمىگەنىدى. خوشلاشقاندا زۇڭتۇڭ روزۋېلت ئۆز قەلىمى بىلەن ئەسلەتمە يازغان سۈرەتنى دې گولغا ھەدىيە قىلدى، سۈرەتكە «دوستۇم گېنېرال دې گولغا تەقدىم» دەپ يېزىلغانىدى.

1944 ـ يىلى 25 ـ ئاۋغۇست دې گول پارىژغا قايتىپ كېلىپ، ئايرودرومدا داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىندى، بۇ ھال ئۇنىڭ ئىزچىل مەيدانى توغرا ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. ئەتىسى روبېرت مۇرفى ئامېرىكىغا، خاررولد ماك مىللان ئەنگلىيىگە ۋاكالىتەن فرانسىيە مىللىي ئازادلىق كومىتېتىنى ئېتىراپ قىلغان گۇۋاھنامىنى دىپلوماتىيە مىنىستىرى لېنىر ماسگارىغا تاپشۇردى. ئامېرىكىنىڭ گۇۋاھنامىسىدە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى: «ئامېرىكا ھۆكۈمىتى فرانسىيە مىللىي ئازادلىق كومىتېتى قۇرۇشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇرۇشنى پائال تۈردە داۋاملاشتۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بىز كومىتېتنىڭ بارلىق ئەزالار كوللېكتىپ مەسئۇل بولۇش پرىنسىپى بويىچە خىزمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئىنتايىن مۇھىم، شۇڭا فرانسىيە مىللىي ئازادلىق كومىتېتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر قوماندانلىق شتابىنىڭ ھەربىي ئېھتىياجىغا داۋاملىق بويسۇنۇشى كېرەك.» ئامېرىكىلىقلار چەكلىك ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېھتىيات بىلەن ئېتىراپ قىلدى، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىش دائىرىسى كەڭرەك بولدى، سوۋېتلىقلارغا كەلسەك، ئۇلار فرانسىيە مىللىي ئازادلىق كومىتېتى فرانسىيە جۇمھۇرىيىتى مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى شەرتسىز ئېتىراپ قىلدى.

1944 ـ يىلى 23 ـ ئۆكتەبىر روزۋېلت ئاخىر پاكىت ئالدىدا باش ئېگىپ، فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دې گول بىر قېتىم مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى، بىرى ئۇنىڭدىن بۇ ئىشقا قانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارايدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «شۇنداق دېيەلەيمەنكى، مەن باشقىلارنىڭ فرانسىيە ھۆكۈمىتىنى ئۆز نامى بىلەن ئاتىغانلىقىغا خۇشال» دەپ جاۋاب بەردى. دې گول ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېتىراپ قىلىش بۇ خىل قانۇنىي ھالەتنى قوبۇل قىلغانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى فرانسىيىنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش كومىتېتىغا رەسمىي قوبۇل قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئامېرىكىنىڭ فرانسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلىشىدا ئاز ـ تولا دېلىغۇللۇق بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكىنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقى فرانسىيە دىپلوماتىيىسىدىكى زور بۆسۈش بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن فرانسىيىنى قايتا گۈللەندۈرۈشتە ئىنتايىن زور رول ئوينايتتى.

1944 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇرۇش ۋەزىيىتى تېز ئۆزگىرىپ، فرانسىيىلىكلەر دىققەت ـ ئېتىبارىنى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتىن ئاستا ـ ئاستا ئىچكى جەھەتتىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قايتا گۈللەندۈرۈشكە يۆتكىدى. ئالدى بىلەن مەركىزىي ھاكىمىيەتنى نورمال يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئەھۋال ئىگىلەپ، ھەر خىل پەرمانلارنى چۈشۈرۈشى ۋە ئۇنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە پارىژ بىلەن باشقا ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا خەۋەرلىشىش ئالاقىسى ئورنىتىش قىيىن ئىدى. سان ـ ساناقسىز تېلېفون ـ تېلېگراف يولللىرى ئۈزۈپ تاشلانغان، رادىئو ئىستانسىلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى. تۆمۈر يوللارنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىشلەتكىلى بولمايتتى، مەملىكەت بويىچە 12 مىڭ پاراۋوزدىن ئاران 2800 ى قالغان، 3000 دىن ئارتۇق كۆۋرۈك پارتلىتىۋېتىلگەنىدى. ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئاران ئىشلەتكىلى بولىدىغان 300 مىڭ ئاپتوموبىل بار ئىدى.

ئۇرۇش بۇزغۇنچىلىقىنى ئىگىلەش ئۈچۈن دې گول بىرقانچە

ھەپتىگىچە مەملىكەتنىڭ كۆپىنچە جايلىرىنى ئايلىنىپ چىقتى، تۇرلۇك سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ 10 مىليونغا يېقىن فرانسىيىلىك بىلەن كۆرۈشتى. كىشىلەر دې گولنىڭ مۇلايىم، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان مۇناسىپ داھىي ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

12 ـ سېنتەبىردە دې گول سايىو سارىيىدا يىغىن ئاچتى، يىغىنغا مەملىكەتلىك قارشىلىق كۆرسىتىش كومىتېتى، ھەرىكەتچان تەشكىلاتلار، شەھەرلىك پارلامېنت، دۆلەت تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى شۇنىڭدەك ئىقتىساد ساھەسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاخبارات ساھەسى ۋە ئادۋوكاتلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 8000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. دې گول يىغىندا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سىياسىتىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز ئىنتايىن جاپالىق مەزگىلدە تۇرماقتىمىز، ئازادلىق بىزنىڭ ھەرقانداق راھەتپەرەسلىك ئىدىيىسىدە بولۇشىمىزغا ھەرگىز يول قويمايدۇ؛ ئەكسىچە، ئازادلىق داۋاملىق جاپا تارتىدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ ھەمدە بىزدىن جاپالىق ئەمگەك قىلىشنى، تەشكىل ـ ئىنتىزامغا قاتتىق بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.»

ئۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ نىشانى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «ئامال قىلىپ فرانسىيە ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم؛ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە ساقلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق بەزى جامائەت مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى ۋە كارخانىلارنىڭ پائالىيىتى دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىغا بىۋاسىتە تاپشۇرۇپ بېرىلىشى شەرت. دۈشمەنگە سېتىلغان ئۇنسۇرلارنىڭ قولىدىكى جىنايى مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش كېرەك؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ترانسپورت ئىستېمال ئېھتىياجىنى قامدىيالمايۋاتقان چاغدا باھا بەلگىلەش ۋە ئالماشتۇرۇشقا بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇش كېرەك.»

دې گول قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان ئەر ـ ئاياللارغا مۇنداق مۇراجىئەت قىلدى: «سىلەر لورراين كرېستى ئوردېنى تاقىغان كىشىلەر، سىلەر فرانسىيىنىڭ شان ـ شەرىپى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئاۋانگارتى بولدۇڭلار، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى بېيىش، قۇدرەت تېپىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ يولغا باشلاش سىلەرنىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپەڭلار. مۇشۇنداق قىلغاندا، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، فرانسىيە ئۇلۇغ غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ. كۆپچىلىكنىڭ فرانسىيىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش كۈرىشىدە باتۇرلۇق بىلەن يېڭى خىزمەت كۆرسىتىپ، خەلققە يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!»

ئەينى چاغدىكى فرانسىيىنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، دې گول ئەھۋالنى پايدىلىق تەرەپكە يېتەكلەپ، مەملىكەت بويىچە ۋىشى ھۆكۈمىتى ۋە دۈشمەنگە سېتىلغانلارنىڭ ئاسىيلىق جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ھەرىكىتى قوزغاشنى قارار قىلدى. فرانسىيە خەلقى ئەڭ ئۆچ بولۇپ كەتكەنلەر ۋىشى ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىپۇشى لاۋال ۋە پېتائىن ئىقىمىدىكىلەر ئىدى. فرانسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ـــ ئازادلىق كومىتېتى ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىگە ئاساسەن، ۋىشى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىنى سوتلاش ياكى سىرتىدىن سوتلاشنى قارار قىلدى، مارشال پېتائىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندى، لېكىن كېيىن كەڭچىلىك قىلىنىپ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىلدى. مارشال پېتائىن باشتا ئايروپىلان بىلەن پىرېنىس تېغىدىكى پورتالېتېبېرگقا ئاپىرىلدى، كېيىن ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدىكى خېيىرو ئارىلىغا يۆتكىۋېتىلدى. ئۇ 1951 ـ يىلى 23 ـ ئىيۇل 95 يېشىدا ۋاپات بولدى.

ئارقىدىنلا لاۋال سوتلاندى ھەم ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم

قىلىندى. جازا ئىجرا قىلىنىشتىن بۇرۇن لاۋال كىچىك بىر شىشىدىكى سىنىرودنى ئىچىۋالغانىدى، قۇتقۇزۇلۇپ يەنە جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى چوڭ تازىلاشتا ۋىشى ھۆكۈمىتىنىڭ مىنىستىرلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىدىن جەمئىي 108 كىشى سوتقا تارتىلدى. قەستلەش پاكى ساتقىنلىق قىلىش نەتىجىسىدە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى جەڭچىلىرىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان خائىنلاردىن 10 مىڭ 824 كىشى سوراق قىلىنمايلا ئۆلتۈرۈلدى. ۋىشى ھۆكۈمىتى ۋە دۈشمەنگە سېتىلغان باش جىنايەتچىلەر ئۈستىدىن قىلىنغان سوت ۋە ھۆكۈم ئارقىلىق، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ دەردى ۋە ئىنتىقامى ئېلىنىپ، دې گول ھۆكۈمىتىنىڭ ئابرۇيى كۆتۈرۈلدى.

1944 ـ يىلى نويابىرنىڭ ئاخىرىدا دې گول ستالىننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولدى. ئۇ ستالىن بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىپ، 20 يىللىق فرانسىيە ـ سوۋېت ھەمكارلىق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى ئىمزالىدى.

ئۇرۇش ئاخىرلىشاي دېگەندە، فرانسىيىنى قايتا گۈللەندۈرۈشتىكى قىيىن مەسىلىلەر ئىچىدە فرانسىيە ئىقتىسادىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش دې گولنىڭ بېشىنى ھەممىدىن بەك قاتۇردى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇرۇش تۈپەيلىدىن فرانسىيە بايلىقىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى يوقالغان، 1 مىليون گېكتار يەر تېرىغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان، ئۇنىڭدىن باشقا، 15 مىليون گېكتار يەر قاقاسلىشىپ كەتكەنىدى. ھەممە يەردە ئۇرۇق، ئوغۇت، دېھقانچىلىق سايمانلىرى يېتىشمەيۋاتقان، ئۆي چارۋىلىرىنىڭمۇ يېرىمى ئازىيىپ كەتكەنىدى.

دې گول ئاساسلىق ئېنېرگىيە بايلىقلىرىنى دۆلەت باشقۇرۇش، چوڭ ـ چوڭ قورۇلۇشلارنى دۆلەت ئىلكىگە

ئۆتكۈزۈش، بانكىلارغا دۆلەت بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىش، فرانسىيە ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇرۇش، ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈش، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش، 1945 ـ يىلىدا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈملىرىنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەم ئۇنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش، مائاشقا تايىنىپ جان باقىدىغانلارنى ئىجتىمائىي سۇغۇرتىدىن بەھرىمەن قىلىش، ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، يەر مەسىلىسىدە دېھقانلارنىڭ ھەيدىۋېتىلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە يەر سېتىشتا دېھقانلارغا «بىرىنچى رەت قىلىش ھوقۇقى» بېرىش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. دې گول بۇ ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق ئىمتىيازلىق تەبىقىنىڭ مەنپەئىتىگە تېگىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىشىمۇ تېزلەشتى. شۇڭا، بەزى پارتىيە ـ گۇرۇھلار كۆرۈنۈشتە دې گولنى ھىمايە قىلغاندەك بولۇپ، ئاستىرتىن ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتنى كۈچەيتتى. 1945 ـ يىلى مارتتا سىياسىي تەشكىلاتلاردىن تەركىب تاپقان بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى دې گول بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن قارار چىقىرىشتا مەسلىھەت يىغىنىدا شەرھلەنگەن نۇقتىئىنەزەرلەرگە خىلاپلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. دې گول مەغرۇرلۇق بىلەن: «پەقەت خەلقلا ئالىي ھوقۇققا ئىگە. خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە بولۇشتىن بۇرۇن، مېنىڭ ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىم بار.» دەپ جاۋاب بەردى.

ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇشىغا ۋە راۋاجلاندۇرۇشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار كۈنسايىن كەسكىنلەشتى. مالىيە مىنىستىرى پىلېۋون ئوتتۇرىغا قويغان ئىقتىسادنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش پىلانى مەسلىھەت يىغىنىدا

سولچىلار بىلەن ئوڭچىلارنىڭ تەڭلا زەربىسىگە ئۇچرىدى، سول قاناتتىكىلەر بۇ پىلاننى غەنىيمەتچىلەرگە كۈچلۈك زەربە بېرەلمەيدۇ، دەپ ئەيىبلىدى؛ ئوڭ قاناتتىكىلەر بولسا، بۇ پىلان سودا پائالىيەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، دەپ قارىدى. ئاۋازغا قويغاندا، بۇ پىلان كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى، لېكىن بۇ دې گول ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاقىتلىق پارلامېنتتىكى ئاخىرقى غەلىبىسى ئىدى.

دې گول ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، فرانسىيىدە ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلۇش بىلەن بىللە، ئاساسىي قانۇن مەسىلىسىدە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تەشەببۇسىدا چىڭ تۇردى. ئۇ فرانسىيىنىڭ 1940 ـ يىلىدىكى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيىتىگە ئاساسلىقى كۆپ پارتىيىلىك پارلامېنتنىڭ ھۆكۈمەتنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى سەۋەب بولدى، ھازىر كۆپ پارتىيە تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئەھۋالدا زوڭتوڭ تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بىردىنبىر چىقىش يولى، يەنى داھىينى خەلق بىۋاسىتە سايلىشى، داھىي سىياسىي پارتىيىدىن ئۈستۈن تۇرۇشى لازىم. ئىچكى جەھەتتە سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، تاشقى جەھەتتە دۆلەتنىڭ ئىناۋىتىنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن، زوڭتوڭ پارلامېنتنىڭ ھوقۇق بېرىشىنى كۈتمەيدىغان، سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ھۆكۈمەت تەسىس قىلىشى كېرەك، دەپ قارىدى. لېكىن، دې گولنىڭ لايىھىسى فرانسىيىنىڭ ئەنئەنىۋى پارلامېنت تۈزۈمى بىلەن ئەسلا سىغىشالمايتتى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە خەلقئارادا كۈچىيىۋاتقان پارلامېنت دېموكراتىيىسى ئېقىمىغىمۇ زىت ئىدى. شۇڭا، ھەرقايسى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. 1945 ـ يىلى نويابىردا پارلامېنت قانۇن چىقىرىش كومىتېتى كەلگۈسىدىكى جۇمھۇرىيەت زوڭتوڭىنىڭ بارلىق ئەمەلىي ھوقۇقىنى بىكار قىلىش، ئىچكى كابىنېتنى پارلامېنتقا

بويسۇندۇرۇش توغرىسىدا بىردەك قارار ماقۇللىدى. دې گول ئۆزىنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش تەشەببۇسىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. ئەمدى يول ئىككى بولۇپ، يا سىياسىي پارتىيىلەر ئاسارىتىگە سۈكۈت قىلىپ ئۆتۈش، يا پەشنى قېقىپ كېتىپ قېلىش كېرەك ئىدى.

قەيسەر دې گول كەسكىنلىك بىلەن كېيىنكى يولنى تاللىدى. 1946 ـ يىلى يانۋاردا ئۇ بىر ھەپتە ۋاقىت ئاجرىتىپ بىسىلىپ قالغان ھۆكۈمەت پەرمانلىرى ۋە قانۇن پەرمانلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىرنەچچە مىنىستىرنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ دەرھال ئىستېپا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. 20 ـ يانۋاردا ئۇ ئۆز ئىشخانىسىدىلا: «باشقىلارنى چەتكە قاقىدىغان پارتىيە ـ گۇرۇھلار تۈزۈمى يەنە باش كۆتۈردى. مەن بۇنى قۇۋۋەتلىمەيمەن. لېكىن، قورال كۈچى ئارقىلىق مەن قوشۇلالمايدىغان، ياخشى نەتىجىمۇ بەرمەيدىغان مۇستەبىت سىياسىي تۈزۈمنى توسۇيمۇ بولالمايدىغان ئوخشايمەن. شۇڭا، چېكىنمىسەم بولمىدى ...» دەپ بايانات ئېلان قىلدى. سورۇندىكى مىنىستىرلاردىن بىرەرىمۇ ئۇنىڭ بۇ خىيالىدىن ۋاز كېچىشىنى تەلەپ قىلمىدى، ھەتتا بىرەرى ئەپسۇسلىنىپمۇ قويمىدى. ئۇلار زۇۋان سۈرمەي تۇردى.

دې گول ھاكىمىيەتتىن چۈشكەنلىكىنى جاكارلىدى، بۇ خەۋەر بىر مەزگىل غۇلغۇلا پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نامايىش، ئىش تاشلاشقا سەۋەب بولمىدى، ھېچقانداق قالايمىقانچىلىقمۇ يۈز بەرمىدى.

# ئونىنچى باب تەركىدۇنيالىق

دې گول پارىژ ئازاد بولغاندىن باشلاپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرى بولۇپ ھاكىمىيەت بېشىدىن چۈشكەنگە قەدەر ئارىدىن 18 ئايلا ۋاقىت ئۆتتى. ئۇ ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن پارىژدىن يىراقتىكى كولونبې دېگەن جايدىكى كونا ئۆيىدە تۇردى.

دې گول ئۆز ئىستېپاسىنىڭ ئاممىۋى نامايىش قوزغىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى، لېكىن ھېچقانداق ئىشنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى. ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرگىنى خەلقنىڭ پوزىتسىيىسى سوغۇق ئىدى، ھېچكىم ئۇنى زىيارەت قىلىپ كەلمىدى، ھەتتا ئاممىنىڭ بىر ۋەكىلىمۇ ئۇنى زىيارەت قىلىپ كەلمىدى. ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا: «فرانسىيىلىكلەر ھايۋان ئىكەن!» دەپ ئاغزىنى بۇزدى، لېكىن ئۇ: «پۈتۈن مەملىكەت بۆلۈنۈش ۋە تەھدىت تۈپەيلىدىن خەۋپكە دۇچ كەلگەندە» كىشىلەر ھامان مېنى تاپىدۇ، دەپ قاتتىق ئىشەنچ بىلەن ھۆكۈم قىلغانىدى. شۇ كۈتكەنچە 12 يىل ئۆتۈپ كەتتى.

دې گول لابۋاسىلدا تەركىدۇنيا بولۇپ پىنھان تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، بۇ يەردە ئۆتكەن ئاستا ۋە ئۇزۇن كۈنلەردە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى رەتلەپ چىقتى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇ مۇشۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئۇرۇش ئەسلىمىلىرىنى تاماملىدى. پىنھان تۇرمۇش ئۇنىڭ قەلبىدىكى بۈيۈك ئارزۇلارنى ئۆزگەرتەلمىدى. 1946 ـ يىلى ئىيۇندا ئۇ چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن، يېقىندىكى ئاۋاز بېرىشتە مەغلۇپ بولغان ھۆكۈمەت ۋە ئاساسىي قانۇنغا ئوت ئاچتى. ئۇ فرانسىيىنىڭ تۇنجى ئازاد بولغان شەھىرى بېيېدا نۇتۇق

سۆزلىدى، مانا بۇ مەشھۇر «بېئىي نۇتقى» ئىدى. ئۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنىڭ نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىققانلىقى بۇ شەھەرنى زىيارەت قىلغانلىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. بۇ قېتىمقى «بېئىي نۇتقى» ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى، نۇتۇق بىۋاستە تەسىر پەيدا قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن 12 يىلدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان 5 ـ جۇمھۇرىيەت ئاساسىي قانۇنىدىن ئىنتايىن توغرا بېشارەت بەرگەنىدى. 1946 ـ يىلى ئۆكتەبىردە يېڭى ھۆكۈمەت جاكارلىغان يېڭى ئاساسىي قانۇن لايىھىسى ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىشتە ماقۇللاندى. شۇ يىلى نويابىردا فرانسىيە 4 ـ جۇمھۇرىيىتى رەسمىي دۇنياغا كەلدى.

دې گول سىياسىي پارتىيىلەر سىياسەتكە قارشى بولۇپ، سىياسىي پارتىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىزاھلاردىن قاتتىق بىزار بولۇپ كەتكەنىدى، لېكىن بىرىنچى قېتىم ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە ھەرقايسى پارتىيىلەر بىلەن بولغان كۆرەشنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى ئۇنىڭغا تەشكىللىك، مۇقىم سىياسىي كۈچ يۆلەك بولمىسا پۈت تىرەپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. شۇڭا، ئۇ كونا پارتىيىلەردىن ئۈستۈن تۇرالايدىغان سىياسىي ئىتتىپاق بەرپا قىلىپ، باشقا پارتىيىلەرنى بېسىقتۇرۇۋېتىپ، قايتا باش كۆتۈرۈشكە تۇتۇندى. 1947 ـ يىلى ئاپرېلدا دې گولچى يېڭى پارتىيە ــ فرانسىيە خەلق ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ پروگراممىسىدا فرانسىيىدە قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت قۇرۇپ، بارلىق سىياسىي پارتىيىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇشۇ ئىتتىپاقنىلا ساقلاپ قېلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شۇ يىلى ئۆكتەبىردىكى ھاكىمىيەت سايلىمى يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن دې گولچىلار ئۈچۈن تۇنجى چوڭ سىناق ئىدى، ئۇلار بۇ سىناقتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى: ئۇلار فرانسىيىدىكى ئاھالىسى 9000 دىن ئاشىدىغان 334 شەھەر ـ بازاردا 40% ئاۋازغا ئېرىشتى؛ يەنە پارىژ، مارسېل، بوردو، ستراسبۇرگ، رېن ۋە لىل

قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى؛ دې گولنىڭ ئىنىسى پىئېر دې گولمۇ پارىژ شەھەرلىك پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى باشلىقلىقىغا سايلاندى. ئىككىنچى يىلى ئىتتىپاقنىڭ ئەزاسى 1 مىليون 500 مىڭغا يەتتى. لېكىن، خەيرلىك كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى، 1951 ـ يىلىدىكى خەلق پارلامېنتى سايلىمىدا «كۆپ سانلىقلار ئىتتىپاقى تۈزۈمى» يولغا قويۇلۇپ، باشقا پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى خالىمايدىغان «فرانسىيە خەلق ئىتتىپاقى» 4 مىليوندىن ئارتۇق ئاۋازغا ئېرىشىپ ئومۇمىي ئاۋازنىڭ 21.56% نى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئاران 121 ئورۇنغا ئېرىشتى.

«فرانسىيە خەلق ئىتتىپاقى» نىڭ تەشكىلى تارقاق، تەركىبى مۇرەككەپ، ئىچكى ئىختىلاپ ۋە زىددىيەتلىرى كۆپ ئىدى، ھە ـ ھۇ بىلەنلا بىرلەشكەن بۇ ئىتتىپاقنىڭ تارقىلىپ كەتمىكىمۇ ئاسان ئىدى. نۇرغۇن سىياسىي پارتىيىلەر ۋەزىيەتنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ ئارقا ـ ئارقىدىن باشقا يول تۇتتى. 1953 ـ يىلى مارتتا دې گول ھەسرەت بىلەن: «شامالنىڭ يۆنىلىشى بىرلا ئۆزگەرگەنىدى، ئۆزىمىزلا قالدۇق، ھازىر ئۈستىمىزدە قارا نىيەتلەر ۋە غەنىيمەتچىلەر يوق، ئاستىمىزدىمۇ ھېچقانداق سايلىغۇچىلىرىمىز قالمىدى» دېدى. 1953 ـ يىلى ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدىكى شەھەر ـ بازار سايلىمىدا ئىتتىپاق ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولۇپ، بىراقلا يىقىلدى. ئۈمىدسىزلەنگەن دې گول 6 ـ مايدا ئىتتىپاق بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۆزگەنلىكىنى، ئىتتىپاقنىڭ ۋەكىلى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزئىشىنى قىلىسا بولىدىغانلىقىنى، لېكىن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ نامىدىن پايدىلىنىشقا بولمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئىتتىپاق تارقىلىپ كەتتى. 1955 ـ يىلى 2 ـ ئىيۇل دې گول ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە بايانات ئېلان قىلىپ، ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا، بۇنىڭدىن كېيىن سىياسىيغا قىزىقمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن دې گول كولۇنبېدا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ «ئۇرۇش ئەسلىمىلىرى» نى يازدى. 1954 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ئەسلىمىنىڭ 1 ـ تومى «ئىلتىجا» نەشردىن چىققاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ بازىرى ئىتتىك كىتابقا ئايلاندى. دې گولنىڭ ئۆزگىچە كەچۈرمىشلىرى، مول تارىخى بىلىمى ۋە مۇپەسسەل ئەدەبىي تىلىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ ئەسلىمە دۇنيا ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم بىرىنچى قول تارىخىي ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەدەبىي ئەسەر سۈپىتىدىمۇ يۇكسەك باھاغا ئېرىشتى. 2 ـ تومى «ئىتتىپاقلىق» 1956 ـ يىلى مايدا نەشر قىلىندى. 3 ـ تومى «قۇتقۇزۇش» كېچىكىپ 1959 ـ يىلى سېنتەبىردە نەشردىن چىقتى. بۇ چاغدا دې گول قايتىدىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندى.

دې گولنىڭ كۆڭلى يېزىقچىلىقتىن ئەمىن تاپقان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي جەھەتتىكى ئوڭۇشسىزلىق ئۇنىڭ پەرىشانلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. دۇنيادا چوڭ ـ چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەردى، بۇنىڭ بەزىلىرى تراگېدىيىلىك ئىشلار بولۇپ، دې گول بۇ ئىشلار توغرۇلۇق پىكىر بايان قىلىشقا ھوقۇقسىز، بۇ ئىشلارغا ئارىلىششقا مادارسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆرتىنەتتى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغانلارمۇ بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتاتتى. دۇنيا دې گولنى ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا قىلاتتى، كىشىلەر ئۇنى پەقەت بىر مەھەل زىلزىلە قوزغىغان تارىخىي شەخس دەپلا بىلەتتى. ئۇ ھەر ھەپتىدە مېھمان قوبۇل قىلغاندا، ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشقىلى كەلگەن كونا سەپداشلار ۋە ئەسلىمىنى نەشر قىلىش ئىشىنى مەسلىھەتلەشكىلى كەلگەن نەشرىيات سودىگەرلىرى بىلەن كۆرۈشەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر كەمدىن ـ كەم كېلىدىغان بولۇپ قالغاندى.

ئۇرۇشتىن كېيىن فرانسىيىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى

ئۇزاققىچە مۇقىم بولمىدى. 1946 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە بولغان 12 يىلدا ئىچكى كابىنېت 25 قېتىم ئالماشتى. ئەڭ ئۇزۇن بولغىنى بىر يىلدىن ئارتۇقراق، ئەڭ قىسقىسى ئىككى كۈنلا ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. يىلدىن ـ يىلغا ئۇلىشىپ كەتكەن مۇستەملىكە ئۇرۇشى، بولۇپمۇ ئالجىرىيە مۇستەملىكە ئۇرۇشى سىياسىي كرىزىسنى كۈنسايىن ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. 1958 ـ يىلى 16 ـ ئاپرېلدا ھۆكۈمەت تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇدا 28 كۈن داۋاملاشقان ئىچكى كابىنېت كرىزىسى فرانسىيىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنىڭ مىسلىسىز كەسكىنلىشىپ، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەردى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە سالغان ئالجىرىيە ھەربىي توپىلىڭى يۈز بېرىپ، دې گولنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى ئۈچۈن يول ئېچىلدى.

1958 ـ يىلى 13 ـ ماي چۈشتىن كېيىن ئالجىرىيە مۇستەملىكىچىلەر گۇرۇھى ۋە ئارمىيىدىكى چېكىدىن ئاشقان مۇستەملىكىچى ئۇنسۇرلا ئالجىردا 100 مىڭ ئادەمنى نامايىش قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. نامايىشچىلار باش ۋالىي بىناسىغا باستۇرۇپ كىرىسىمۇ ھېچكىم توسىمىدى. توپىلاڭچىلار پاراشوتچىلار قوماندانى مارشۇ رەئىسلىكىدىكى ۋەتەن قۇتقۇزۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، پارىژدا ۋەتەن قۇتقۇزۇش كومىتېتى قۇرۇش، ئالجىرىيىنى فرانسىيىنىڭ ئايرىلماس زېمىنى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ كۈنى كەچتە فرانسىيىنىڭ ئۆزىدىكى ئوڭ قانات ئۇنسۇرلامۇ پارىژدا نامايىش تەشكىللەپ، ئالجىرىيىدىكى توپىلاڭچىلار بىلەن يىراقتىن دوست تارتىشتى، ماھىيەتتە بۇ 4 ـ جۇمھۇرىيەتكە قارىتىلغان ھەربىي توپىلاڭ ئىدى.

ئالجىرىيە ۋەتەن قۇتقۇزۇش كومىتېتى قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ناھايىتى تېزلا پارىژغا يېتىپ كەلدى. بۇ

چاغدا خەلق پارلامېنتىنىڭ يىغىن مەيدانى قالايمىقانچىلىققا تولغاندى. بۇ تۇيۇقسىز ۋەقەگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، جىددىي كېڭىشىش ئارقىلىق فىرىنمۇلانغا كابىنېت تەشكىللەش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى قارار زورمۇزور ماقۇللاندى. شۇ ئەھۋالدا پارىژدىكى قانۇنلۇق ھۆكۈمەت بىلەن ئالجىرىيە ۋەتەن قۇتقۇزۇش كومىتېتى تىغمۇتىغ تىركىشىش ھالىتىگە ئۆتتى. پۈتكۈل فرانسىيە ھەربىي ئۆزگىرىش تەھدىتى ئاستىدا قالدى، توپىلاڭغا قاتناشقان پاراشوتچىلار پارىژغا چۈشۈشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇراتتى، فرانسىيە ئىچكى ئۇرۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغاندى.

15 ـ مايدا ئالجىرىيىدە تۇرۇشلۇق فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال ساررون ئالجىرىيە باش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بالكونىدا ئۆزىگە ئالقىش ياغدۇرۇۋاتقان ئاممىغا قاراپ: «ياشىسۇن فرانسىيە! ياشىسۇن فرانسىيىنىڭ ئالجىرىيىسى» دەپ شوئار توۋلىدى. دېلبېكنىڭ تەلىپى بىلەن ئۇ يەنە: «ياشىسۇن دې گول!» دەپ توۋلىدى. بۇ ھال ئارمىيە دې گولنىڭ تەختكە چىقىشىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرەتتى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن دې گولنى قايتا ئوتتۇرىغا چىقىشقا چاقىرتىش كىرىزىسنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالدى. «ياشىسۇن دې گول» دەپ شوئار توۋلىنىپ تۆت سائەتتىن كېيىن دې گول راستتىنلا ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى سۈكۈتىنى بۇزۇپ، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە مۇنداق بايانات ئېلان قىلدى:

*دۆلەتنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتۇشى بىرلەشكەن مىللەتلەر ئارىسىدا ئارازلىق پەيدا قىلىشتىن خالىي بولالمىدى، جەڭ قىلىۋاتقان قىسىملىرىمىز ئارىسىدا ئەنسىزلىك پەيدا قىلدى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەت قالايمىقانلىشىش، مۇستەقىللىقتىن مەھرۇم بولۇش قاتارلىق ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلدى. 12 يىلدىن بۇيان فرانسىيە ھەرخىل مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى، بۇ مەسىلىلەرنى پارتىيە*

*تۈزۈلمىسى ھەل قىلالمايدۇ، دۆلەت مانا مۇشۇنداق بالايىئاپەت ئىچىدە تۇرۇپ كەلدى.*

*ئۆتكەن قېتىم دۆلەت ھايات ـ مامات خەۋپىدە قالغاندا، ماڭا ۋەتەننى مۇتقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپە تاپشۇرۇلغانىدى.*

*بۈگۈنكى كۈندە دۆلەت يەنە بىر قېتىم سىناققا دۇچ كەلگەندە، مېنىڭ جۇمھۇرىيەت ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش تەييارلىقىنى قىلىپ قويغانلىقىمنى بىلسە كېرەك.*

ئەتىسى فرانسىيە ھاۋا ئارمىيىسى سەپ تۈزۈپ، كولونېي ھاۋا بوشلۇقىدا «لوررائىن قوش كرېست» شەكلىدە ئۇچۇپ دې گولغا ھۆرمەت بىلدۈردى. دې گول ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، غەلىبىنى بىلدۈرىدىغان «V» ھەرپى شەكلىدە بارمىقىنى چىقىرىپ يىراقتىن جاۋاب بەردى.

19 ـ ماي دې گول ساقچىلارنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسى ئاستىدا قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنغان پارىژدىكى دورسال مېھمان سارىيىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىدى. يىغىندا ئۇ «مەن جۇمھۇرىيەت ھاۋالە قىلغان ھوقۇقنىلا ئىجرا قىلىمەن»، «جامائەتنىڭ ئەركىنلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلمايمەن»، «جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلمايمەن»، «67 ياشقا كىردىم، مۇشۇ ياشقا كىرىپ قالغاندا مۇستەبىتلىك ھاياتنى باشلىشىم مۇمكىنمۇ؟» دېدى. مۇخبىرلارغا مۇشۇنداق جاۋاب بېرىشتىن مەقسەت كۆپ سانلىق پارتىيىلەر ۋە ئاممىنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنى دې گول مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ئورنىتارمىكىن دېگەن ئەندىشىدىن خالىي قىلىپ، تەختكە چىقىشتىكى توسالغۇنى ئازايتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئالجىر ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز يامانلىشىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ 24 ـ مارتتا توپىلاڭ كورسكا ئارىلىغا كېڭەيگەندىن كېيىن، فرانسىيە ئېغىر ئىچكى ئۇرۇش تەھدىتىگە دۇچ كېلىپ،

uyghurkitap.com

ھۆكۈمەت ئامالسىز قالدى، ھەرقايسى پارتىيە ئىچىدىكى زاتلارنىڭ پوزىتسىيىسى ئاخىر بىرلىككە يۈزلەندى، مانا ئەمدى دې گول فرانسىيە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ خەۋپلىك ۋەزىيەتتىن ئۆڭشاشتىكى بىردىنبىر كوزىرى بولۇپ قالغانىدى.

22 ـ مايدا مۇستەقىل پارتىيىنىڭ داھىيسى بىنىل «شەخسىي» سالاھىيەت بىلەن كولونىيىگە كېلىپ زۇڭتۇڭ كورتىغا ۋاكالىتەن دې گولنى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ھۆكۈمەت بىلەن توپىلاڭچىلار گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشقا «كېسىم قىلىش» قا تەكلىپ قىلدى، دې گول قايتا تەختكە چىقىش ئىشىكىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، «ھەممە مەسئۇلىيەتنى ئۆزۈم يالغۇز ئۈستۈمگە ئالىمەن»، كابىنېت تەشكىللەشتىكى شەرتىم ماڭا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە تولۇق ھوقۇق بېرىش، دەپ چىڭ تۇردى. 20 ـ ماي كېچىدە دې گول باش مىنىستىر فرىنمۇلان بىلەن كۆرۈشۈپ، تەھدىت تەلەپپۇزى بىلەن: ھازىر ۋەزىيەت قىل ئۈستىدە قالدى، ھېچقانداق رولىڭىزنى جارى قىلالمايدىغان ئورۇندا تۇرىۋەرمەڭ، دېدى. ئۇلار سۆھبەتتە كېلىشەلمەي، ھېچقانداق كېلىشىم ھاسىل قىلالمىدى. لېكىن، دې گول ئەتىسى ھەيران قالارلىق ھەرىكەت قوللىنىپ، ئۆز ئالدىغا: «مەن تونۇگۈن دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مۇستەقىللىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالايدىغان جۇمھۇرىيەتچىلەر ھۆكۈمىتى قۇرۇشتا زۆرۈر بولغان مۇساپىنى باشلىدىم» دەپ جاكارلىدى ھەمدە ئارمىيىگە: «مەن ئالجىرىيىدىكى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيىسى قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىرى بويسۇنۇشتا داۋاملىق نەمۇنە بولۇشنى كۈتىمەن. مەن ئۇلارغا تامامەن ئىشىنىمەن ھەمدە شۇ تاپتىلا ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشنى خالايمەن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ باياناتى بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماقتەك رول ئوينىدى: بىر تەرەپتىن، ئۇ دادىل سۆزلەپ، مەن كابىنېت تەشكىللەشكە كىرىشىپ كەتتىم، دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلىپ، سىياسىي

ساھەدىكى قارشى كۈچلەرنى بويسۇندۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن، توپىلاڭچىلار گۇرۇھىنى تىزگىنلەپ، توپىلاڭنىڭ فرانسىيە زېمىنىغا كېڭىيىپ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق يول بىلەن تەختكە چىقىش پىلانىنى بۇزۇۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. 1 ـ ئىيۇندا خەلق پارلامېنتى 329 ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى، 224 ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن دې گولغا كابىنېت تەشكىللەش ھوقۇقى بېرىشنى ماقۇللىدى. 2 ـ ئىيۇندا پارلامېنت دې گولغا ئالتە ئايلىق تولۇق سىياسىي ھوقۇق، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھوقۇقى ۋە ئالجىرىيە مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئالاھىدە ھوقۇقى بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئادرېسى

# ئون بىرىنچى باب قايتا باش كۆتۈرۈش

دې گول تەختكە چىققاندىن كېيىن يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزۈشنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويدى. يېڭى ئاساسىي قانۇننىڭ تۈپ ئىدىيىسى 3 ـ جۇمھۇرىيەتتىن 4 ـ جۇمھۇرىيەتكىچە داۋاملاشقان كونا تۈزۈمنىڭ ئىللەتلىرىنى يوقىتىپ، دۆلەتنىڭ نوپۇزىنى قايتا تىكلەشتىن ئىبارەت ئىدى؛ ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى پارلامېنتنىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، باش مىنىستىر ۋە ئىچكى كابىنېتنىڭ رولىنى تۆۋەنلىتىپ زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇقىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇرۇن پارلامېنتنىڭ ئىككى پالاتاسى سايلاپ چىققان زۇڭتۇڭ پەخرىي ۋەزىپە بولۇپ، ئەمەلىي ھوقۇق يوق ئىدى، مەمۇرىي ھوقۇق پارلامېنت ھوقۇق بەرگەن باش مىنىستىر ۋە ئىچكى كابىنېتنىڭ قولىدا بولاتتى. ھالبۇكى، يېڭى ئاساسىي قانۇن لايىھىسىدە زۇڭتۇڭ «ھەقىقىي ھاكىمىيەت يۇرگۈزىدىغان كاتتىۋاش»، «بارلىق ھوقۇق ۋە بارلىق مۇھىم قارارلار زۇڭتۇڭ ئارقىلىق ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ»، ئىچكى كابىنېت زۇڭتۇڭغا ئىتائەت قىلىدۇ. زۇڭتۇڭ ياكى ھۆكۈمەت پارلامېنت بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا، زۇڭتۇڭ خەلق پارلامېنتىنى تارقىتىۋېتىشكە ھوقۇقلۇق؛ زۇڭتۇڭ چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەردە پالارمېنتتىن ھالقىپ پۇقرالارنى ئاۋاز بېرىشكە ئۇيۇشتۇرسا، «جىددىي ھالەت» ئېلان قىلسا، پارلامېنتتىن پۈتۈنلەي ھالقىپ «پەۋقۇلئاددە ھوقۇق» يۇرگۈزسە بولىدۇ، دېيىلگەنىدى.

ئاساسىي قانۇننى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ھەرقايسى پارتىيىلەر ئارىسىغا كۈچلۈك بومبا

تاشلىغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى. فرانسىيىدە ئۇزاقتىن بۇيان پارلامېنت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇۋاتقاچقا، سىياسىي پارتىيىلەر كۆپ ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭكىنى راست دەيتتى، ئەنئەنىۋى پارتىيىلەر ۋە پارلامېنتتىكى زاتلار ئۆز رولى ۋە ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىنى خالىمايتتى. يەنە كېلىپ، زۇڭتۇڭ ھوقۇقى يادرو قىلىنغان سىياسىي تۈزۈلمە كىشىلەرگە خېلىلا سىرلىق تۇيۇلاتتى.

دې گول بىر تەرەپتىن كولونىيىگە كېتىمەن دەپ تەھدىت سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاممىنىڭ قالايمىقانچىلىقتىن، ئىچكى ئۇرۇشتىن قورقۇشتەك روھىي ھالىتىدىن پايدىلىنىپ، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىشقا يېڭى ئاساسىي قانۇنلا كاپالەتلىك قىلالايدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ كەسكىن تەشكىلىي تەدبىرلەرنى قوللاندى: گەپ ئاڭلىمايدىغان بىر تۈركۈم ئۆلكە باشلىقلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، جايلارغا بولغان تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى؛ ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي لاگېردا ئاۋاز بېرىشنى بەلگىلىدى: فرانسىيىنىڭ ئۆزىدىكى بەزى قارشى كۈچلەرنى تىنچىتىش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇندىكى پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىش دائىرىسىنى فرانسىيىگە قاراشلىق مۇستەملىكىلەرگىچە كېڭەيتتى. ئورۇنلاشتۇرۇش ئەتراپلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، 1958 ـ يىلى 28 ـ سېنتەبىردىكى پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىدە يېڭى ئاساسىي قانۇن مۇتلەق ئۈستۈن ئاۋاز بىلەن ماقۇللاندى. دې گول ئىشنىڭ دەسلەپىدىلا غەلىبە قىلىپ ئابرۇيى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئەمەلىيەتتە كۆپ سانلىق پۇقرالار ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئاۋاز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، دې گول ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشتا زۆرۈر بولغان ۋاستە ۋە ھوقۇقلارغا ئىگە بولدى. 5 ـ ئۆكتەبىردە يېڭى ئاساسىي قانۇن رەسمىي ئېلان قىلىنىپ، 5 ـ جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

www.uyghurkitap.com

دې گول ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلەش ئۈچۈن، نويابىرىكى خەلق پارلامېنت سايلىمىدا ئىككىنچى قېتىم تۇتۇشتى. ئۇ سايلام قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، «بىر ئادەم ئىككى بېلەت تاشلاش» تۈزۈمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نەتىجىدە دې گولنى قوللىغۇچى پارتىيە ــ «جۇمھۇرىيەت قوغدىغۇچىلار ئىتتىپاقى» ئاران 17.6% ئاۋازغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن 40% ئورۇننى قولغا كىرگۈزۈپ، بىراقلا پارلامېنتتىكى 1 ـ چوڭ پارتىيە بولۇپ قالدى. فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى 18.9% ئاۋازغا ئېرىشكەنىدى، ئۇنىڭغا ئاران 2% ئورۇن تەگدى، 21 ـ دېكابىردا دې گول 78% ئاۋاز بىلەن 5 ـ جۇمھۇرىيەتنىڭ تۇنجى زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى. 1959 ـ يىلى 8 ـ يانۋاردا كورتى يېڭى زۇڭتۇڭ دې گولغا ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ 4 ـ جۇمھۇرىيەت ئاخىرلىشىپ، 5 ـ جۇمھۇرىيەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنداقلا بۇ فرانسىيە ھازىرقى زامان تارىخىدىكى زور بۇرۇلۇش بولۇپ قالدى.

يېڭى تۈزۈلمىنىڭ ۋە دې گولنىڭ سىياسىي ئورنىنىڭ تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئالجىرىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. دې گول فرانسىيە ئالجىرىيىدىكى مۇستەملىكە ئۇرۇشىنىڭ پاتقاققا پېتىپ قېلىپ چىقالمايۋاتقان ئەھۋالدا قايتا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانىدى. 100 نەچچە يىلدىن بۇيان ئالجىرىيە ئىزچىل تۈردە فرانسىيە زېمىنىنىڭ داۋامى دەپ قارىلىپ كېلىنىۋاتقان بولۇپ، 10 مىليون ئاھالىدىن 1 مىليون 500 مىڭى فرانسىيە كۆچمەنلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. بولۇپمۇ 1956 ـ يىلى سەھرايى كەبىردە دۇنيا ئومۇمىي زاپىسىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان مول نېفىت ۋە تەبىئىي گاز تېپىلغاندىن كېيىن، ئېنېرگىيە يېتىشمەيدىغان فرانسىيە ۋە نېفىت گۇرۇھلىرى بۇ رايونغا چىشلىرىنى بىلەشكە باشلىدى، شۇ ۋەجىدىن فرانسىيىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىكى ھەرقايسى گۇرۇھلار مۇستەملىكىلەردىكى مەنپەئەتنى

ھەر ئامالـلار بىلەن ساقلاپ قېلىش جەھەتتە بىرلىك ھاسىل قىلدى. لېكىن، بۇنداق مەنپەئەتنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ساقلاپ قېلىش ھەمدە قايسى مەنپەئەتنى نۇقتىلىق ساقلاپ قېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئېغىر ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى. ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەنپەئەتىنى ئالجىرىيىدە بولغان ئېكىنزار خوجايىنلىرىدىن ئىبارەت مۇستەملىكىچىلەر گۇرۇھىنى ۋەكىل قىلغان ھەمدە ئارمىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن تەرەپ «فرانسىيىنىڭ ئالجىرىيىسى»نى ھەرقانداق بەدەلدىن ئايانماي ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قوراللىق باستۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كونا مۇستەملىكىچىلىكنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلارنىڭ «قاتتىق قول» دې گولنى يۆلەپ تەختكە چىقىرىشىدىكى مەقسەتمۇ مۇشۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئارمىيىنىڭ ئۆزىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار يەنە دې گولنىڭ ئارمىيىگە قۇدرەتلىك ئارقا تىرەك بولۇشىنى، ئارمىيىنىڭ «ئىززەت - ھۆرمەت»ىنى قوغدىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئاساسلىق مەنپەئەتى فرانسىيىنىڭ ئۆزىدە ۋە غەربىي ياۋروپادا بولغان مونوپول كاپىتالىستلار گۇرۇھى ۋە يېڭىدىن گۈللەنگەن نېفىت كاپىتالىستلىرى گۇرۇھىنى ۋەكىل قىلغان تەرەپ بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. ئۇلار ئالجىرىيىدىكى ئۇرۇشتا غەلىبىدىن ئۈمىد يوقلۇقىنى كۆرۈپ، غەرب ئەللىرى ئىقتىسادىي «گۈللىنىش» دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان، غەربىي ياۋروپا ئورتاق بازىرى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان ئەھۋالدا، قولنى بىكار قىلىپ ئىقتىسادىي كۈچنى ئۇلغايتىش، فرانسىيىنىڭ غەربىي ياۋروپادىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالجىرىيە ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، سەھرايى كەبىر نېفىتىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ، فرانسىيە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، مەلۇم سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇش يوكىدىن قۇتۇلۇشنى جىددىي ئۈمىد قىلاتتى.

ئىككى گۇرۇھ كۈچلەرنىڭ كۈرىشى داۋامىدا دې گول باشتىن ـ ئاخىرغىچە ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمەي، مۇجمەل، ئىككى بىسلىق گەپ قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنى دې گولنىڭ مۇددىئاسى بىزنىڭ تەلىپىمىز بىلەن بىردەك ئىكەن، دېگەن خام خىيالغا كەلتۈرۈپ قويدى. 1958 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇن، يەنى زۇڭتۇڭ دې گول خەلق پارلامېنتىدىن ھوقۇق ئالغان كۈننىڭ ئەتىسى ئالجىرىيىگە بېرىپ، باش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بالكونىدا پەستىكى سانسىزلىغان ئاق تەنلىكلەر ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىغىنىچە بارمىقىنى «V» شەكلىدە چىقىرىپ، يۇقىرى ئاۋازدا: «مەن سىلەرنى چۈشىنىمەن!» دەپ توۋلىغاندى، پۈتۈن مەيداندا گۈلدۈرمامىدەك چاۋاك ۋە ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

دې گولنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئېيتقاندا، ئۇ فرانسىيىنىڭ مۇستەملىكە ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىقىنى جان تىكىپ قوغدايدىغان ئىمپېرىيە تەرەپدارى ئىدى. لېكىن، ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقىنى تەلەپ قىلىش ئېقىمىنى توسۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، فرانسىيە بىلەن ئالجىرىيىنى داۋاملىق «بىر گەۋدە» قىلىمەن دېيىش رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغان خام خىيال ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ مۇستەملىكە ئۇرۇشى فرانسىيىنى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە تېگى يوق ھاڭغا ئاپىرىپ تاشلايدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈپ يەتتى. شۇڭا، ئۇ تەختكە چىقىپلا بۇ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرماسلىق كېرەكلىكىنى تونۇدى.

پۈتۈن 1959 ـ يىلى ئىچىدە گېنېرال دې گولنىڭ ئىستراتېگىيىسى مۇسۇلمان توپىلاڭچىلارغا ئۇستۇنلۇك بەرمەسلىك شەرتى ئاستىدا بارلىق ئالجىرىيىلىكلەرنى ئاپتونومىيىنى كۆزلەپ ئالغا بېسىشقا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت

بولدى، 1959 ـ يىلى سېنتەبىردە، ئۇ بىر قېتىملىق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە سۆزىدە، تىنچلىق ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىنكى تۆت يىل ئىچىدە ئالجىرىيىلىكلەرگە ئاپتونومىيە بېرىشنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بۇ خىل ئاپتونومىيىنى ئايرىلىپ چىقىش، فرانسىيە بىلەن بىر گەۋدە بولۇش، فرانسىيە بىلەن زىچ ھەمكارلىقنى ساقلايدىغان ئىچكى ئاپتونومىيىدىن ئىبارەت ئۈچ يولدىن بىرنى ئەركىن تاللاش دەپ ئىزاھلىدى. ئۇ ئالجىرىيە خەلقى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتىن بۇرۇن ئالجىرىيىدىكى فرانسىيە ئارمىيىسىنى قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتتى.

بۇ سۆز فرانسىيىدە ئىنتايىن كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ئەسلىدە دې گولنىڭ تەختكە چىقىشىنى ھىمايە قىلغان مۇستەملىكىچىلەر گۇرۇھى قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ، ئەسەبىيلەرچە قارشى تۇرۇشقا يۈزلىنىپ، دې گول بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا تىركەشتى. 1960 ـ يىلى 22 ـ يانۋار دې گول بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئاپتونومىيە سىياسىتىگە ئاشكارا قارشى تۇرغان ئالجىرىيىدىكى فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى مارشۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. 24 ـ يانۋاردا مارشۇنى قوللايدىغان ئالجىرىيە مۇستەملىكىچىلىرى نامايىش قىلىپ «دې گولنى دارغا ئاسايلى»، «مارشۇنىڭ ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلسۇن» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىدى ھەمدە كوچىلاردا بارگاھ قۇردى. پۈتۈن شەھەر ئىش تاشلاپ ۋە بازار تاشلاپ، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالايمىقان بولۇپ كەتتى. ئارمىيە بولسا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇردى ھەمدە پارىژدىن «يارىشىش» نى تەلەپ قىلدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە توپىلاڭغا سۈكۈت قىلغانلىق ۋە مەدەت بەرگەنلىك ئىدى.

دې گول ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيدىغانـ لىقىنى قەتئىي بىلدۈردى. 29 ـ يانۋار ئۇ ھەربىي كىيىم بىلەن تېلېۋىزىيىدە پەيدا بولۇپ، توپىلاڭ تارمار قىلىنسۇن، ھۆكۈمەت

ئۆز مەيداندىن قىلچە يانمايدۇ، دەپ بايانات ئېلان قىلدى. نامايىش ئاخىر تىنچىتىلدى.

1960 ـ يىلى نويابىردا دې گول تېلېۋىزىيە نۇتقىدا تۇنجى قېتىم «ئالجىرىيە جۇمھۇرىيىتى» دېگەن سۆزنى ئىشلەتتى. ئارقىدىنلا 1961 ـ يىلى 8 ـ يانۋاردا ئالجىرىيىنىڭ ئاپتونومىيە سىياسىتى توغرىسىدا پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، نەتىجىدە: 27 مىليون سايلىغۇچىدىن 21 مىليون ئادەم ئاۋاز بېرىشكە قاتنىشىپ، بۇنىڭ 70% ى مۇستەقىللىقنى ھىمايە قىلدى. 1961 ـ يىلى 22 ـ ئاپرېلدا ئالجىرىيىدە تۇرۇشلۇق فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ سابىق قوماندانى شارل ۋە سارران ھەمدە ژۇئول، زېئىل قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك تۆت گېنېرال ئالجىرىيىدە ئاشكارا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھاكىمىيەت ئورگىنىنى تەسىس قىلىپ، ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى يولغا قويدى. بۇ ھەربىي ھۆكۈمەت دې گول ھاكىمىيىتىگە ئېغىر خىرىس قىلدى. لېكىن دې گول قىلچە تەۋرەنمىدى، ئۇ يانۋاردىكى پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىدە ئىپادىلەنگەن كۆپ سانلىق خەلقنىڭ ئالجىرىيىگە ئاپتونومىيە بېرىش ئارزۇسى، قانۇنلۇق ھاكىمىيەت ئورنى ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي ئابرۇيىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى كەسكىنلىك بىلەن تارمار قىلدى.

چېكىدىن ئاشقان مۇستەملىكىچى ئۇنسۇرلار ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي تەۋەككۈلچىلىك بىلەن يەنە تېررورلۇق ھەرىكىتى قوزغىدى. فرانسىيە بىلەن ئالجىرىيىنىڭ مەخپىي سۆھبەت ئورنى بولغان ئېۋىئان شەھىرىنىڭ باشلىقى ئۆلتۈرۈلدى، فرانسىيىنىڭ مەدەنىيەت مىنىستىرى مارلومۇ قەستكە ئۇچراپ ئۆلگىلى تاس قالدى، دې گولنىڭ ئۆزى بولسا تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ باش نىشانى بولۇپ قالدى. 1961 ـ يىلى سېنتەبىردىن 1962 ـ يىلى ئاۋغۇستقىچە كۆپ قېتىم توپىلاڭ ۋە دې گولنى تۆت قېتىم قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەردى. 1961 ـ يىلى 8 ـ سېنتەبىر كەچتە دې گول زۇڭتۇڭ

مەھكىمىسىدىن كولۇنبىيدىكى تۇرالغۇسىغا كېتىۋاتقاندا، ماشىنا يول بويىدىكى ساھىلغا يېتىپ كېلىشىگىلا تۇيۇقسىز كۈچلۈك ئوت ئىچىدە قالدى. قوشىغا كۆمۈپ قويۇلغان 90 قاداق ئېغىرلىقتىكى پارتلىتىش دورىسىنىڭ پىلتىسىگە ئوت تۇتىشىپ بولغاندى، ھېلىمۇ ياخشى تېخنىكىلىق كاشىلا چىقىپ پارتلىماي قالدى. 1962 ـ يىلى 22 ـ ئاۋغۇستتا دې گول ماشىنا بىلەن كۇھىرال بازىرىدىكى ھەربىي ئايرودرومغا كېتىۋاتقاندا، بىر توپ ئادەم يول بويىدىكى بىر سىرىق ساياھەت ئاپتوموبىلىدىن زۇڭتۇڭنىڭ ماشىنىسىغا ئوق چىقاردى. شوپۇر سۈرئەتنى تېزلىتىپ، تەخمىنەن 100 يارد[①] يۈرگەندە باشقا بىر توپ ئادەم توغرا يولدىكى بىر كۆك ماشىنىدىن ئوق چىقاردى، ئېتىلغان 150 پاي ئوقنىڭ 14 پېيى دې گولنىڭ ئالاھىدە ياسالغان «سىترويىن» ماركىلىق ماشىنىسىغا تەگدى، بىر پاي ئوق دې گولنىڭ بېشىنى سىيپاپ دېگۈدەك ئۆتۈپ ئارقا دېرىزىسىنى چېقىۋەتتى، يەنە ئىككى پېيى ئوق ئۆتمەيدىغان چاققا تېگىپ، چاقنى تېشەلمىدى. كېيىن ئۇ ئۆز ئەسلىمىسىدە: «لېكىن ... تەلەيىمنىڭ شۇنداق ئوڭدىن كەلگىنىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، ھېچقايسىمىزغا ئوق تەگمىدى، شۇڭا دې گولمۇ ئۆز يولىغا راۋان بولۇپ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىۋەردى!» دەپ يازدى.

1961 ـ يىلى فېۋرالدا باشلانغان فرانسىيە ـ ئالجىرىيە سۆھبىتى نەچچە قېتىم بۇزۇلۇپ، 1962 ـ يىلى 18 ـ مارتتا ئاخىر كېلىشىم ھاسىل قىلىندى، مانا بۇ ئېۋىيئان كېلىشىمى ئىدى. كېلىشىمدە، ئالدى بىلەن ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختىتىدۇ، ئاندىن فرانسىيە پۇقرالىرى ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق كېلىشىمنى تەستىقلايدۇ، ئاخىرىدا ئالجىرىيە خەلقى ئاۋاز بېرىپ ئالجىرىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى بەلگىلەيدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1962 ـ يىلى 8 ـ ئاپرېلدا فرانسىيە پۇقرالىرى ئاۋاز بېرىپ، 90% تىن يۇقىرى كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن كېلىشىمنى

① بىر يارد 0.9144 مېتىرغا تەڭ.

www.uyghurkitap.com

تەستىقلىدى. دې گولنىڭ كەڭ قوللاشقا ئېرىشكەنلىكى ئۇنىڭ ئالجىرىيىگە قارىتىلغان مۇستەملىكە ئۇرۇشىنى توختاتقانلىقى، ئالجىرىيىگە بولغان مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىش ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، خەلقنىڭ ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دې گول يەنە فرانسىيىگە قاراشلىق ئافرىقىدا: «مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش» نى يەيدىنىيەي يولغا قويدى. 1958 ــ يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا ئەسلىدىكى فرانسىيە فېدېراتسىيىسى فرانسىيە بىرلەشمە گەۋدىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 60 ــ يىللاردا ئافرىقىدىكى فرانسىيىنىڭ بۇرۇنقى مۇستەملىكىلىرى ئارقا ــ ئارقىدىن مۇستەقىللىق جاكارلاپ، فرانسىيە بىرلەشمە گەۋدىسى ئىسمى بار، جىسمى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. دې گول يەنە كونا مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ ئورنىغا «ھەمكارلىق سىياسىتى» نى دەسسىتىشكە، بۇرۇنقى مۇستەملىكە جايلار بىلەن ھەربىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق بىر قاتار «ھەمكارلىق كېلىشىمى» ئىمزالاپ، فرانسىيە ــ ئافرىقا ئالاھىدە مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، فرانسىيىنىڭ ئافرىقىدىكى ئەنئەنىۋى كۈچى ۋە مەنپەئىتىنى يېڭى مۇستەملىكىچىلىك شەكلى بىلەن داۋاملىق ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى.

دې گولنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسى فرانسىيىنىڭ چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. ئۇنىڭ «فرانسىيە ئۇلۇغ بولمىسا فرانسىيە بولالمايدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، ئالدى بىلەن پۇل مۇئامىلىسى ۋە مالىيە ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى. ئاساسلىقى، ھۆكۈمەت چىقىمىنى ئازايتتى؛ 324 مىليارد فرانكلىق زايوم تارقاتتى؛ فرانسىيە بانكىسىدا 150 توننا ئالتۇن ۋە 300 مىليارد فرانك خەزىنىگە قايتتى. فرانسىيىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئېكسپورتقا ئىلھام بېرىش،

تاشقى سودا ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، فرانكنىڭ كۇرسىنى 17.55% چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭى فرانك تارقاتتى. مۇشۇ سىياسەتلەرنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا فرانسىيىنىڭ تاشقى سودىسى ئىككىنچى يىلىلا ئوڭ بالانس بولۇپ، ئېكسپورت سوممىسى ئىمپورت سوممىسىنىڭ 1.24 ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى. فرانكمۇ بارغانسېرى كۈچەيدى، يەنە كېلىپ، سىرتقا ئېقىپ كەتكەن مەبلەغمۇ قايتىپ كېلىشكە باشلاپ، فرانسىيىنىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسى كۆپەيدى. 1962 ـ يىلىغا كەلگەندە فرانسىيە بارلىق تاشقى قەرزنى ئۈزدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت خەزىنىسىدىكى ئېشىنچا ئالتۇن ۋە ئامېرىكا دوللىرى 4 مىلياردقا يەتتى.

دې گولنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئىقتىسادىي تەدبىرى ــ ئۇ ئالتە دۆلەت ئورتاق بازىرى قۇرۇش توغرىسىدىكى رىم ئەھدىنامىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يۈرگۈزدى، فرانسىيىنىڭ تارىختىن بۇيانقى قورۇقچىلىق ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇردى، ئەينى ۋاقىتتىكى غەرب ئىقتىسادىنىڭ ياخشىلىنىۋاتقانلىقىدەك كاتتا پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئارا رىقابەتنىڭ تۈرتكىسىدىن پايدىلىنىپ فرانسىيىنىڭ ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېزلەتتى.

دې گول يەنە پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىنى، بولۇپمۇ ئاتوم، ئاۋىئاتسىيە، ئالەم تېخنىكىسى، ئېلېكترون قاتارلىق ئىلغار تېخنىكا ۋە ئىلغار سانائەت تارماقلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. 1958 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىلىغىچە پەن تەتقىقاتى خىراجىتى 2 مىليارد 400 مىليون فرانكتىن 9 مىليارد 300 مىليون فرانكقا كۆپەيتىلدى. زور تۈركۈم پەن تەتقىقات خادىملىرى تەربىيىلەندى، 1958 ـ يىلىدىن 1965 ـ

يىلىغىچە پەن تەتقىقات تارماقلىرىدىكى خادىملار 23 مىڭ 700 دىن 58 مىڭ 100 گە كۆپەيدى، نۇرغۇن پەنلەردىكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت تەتقىقاتى دۇنيا بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. كىشىلەر فرانسىيىنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى «ئالتۇن دەۋر» دەپ ماختاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دې گول يەنە ئامېرىكىنىڭ فرانسىيىنىڭ ئاچقۇچلۇق سانائەت تارماقلىرىغا سالىدىغان مەبلىغىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئازايتىپ، ئامېرىكىنىڭ پەن ـ تېخنىكا كۈچىگە تايىنىشىنى ئازايتتى، ئامېرىكىنىڭ فرانسىيىگە بولغان ئىقتىسادىي بېسىمىنى ئاجىزلاتتى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلدى.

دې گولنىڭ نەزىرىدە مىللىي مۇستەقىللىق ۋە چوڭ دۆلەتلىك ئورنىغا ئېرىشىشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان كۈچلۈك ئاساس مۇداپىئە، بولۇپمۇ مۇستەقىل يادرو كۈچى ئىدى. ئۇ ئاتوم دەۋرىدە ئەگەر مۇستەقىل يادرو كۈچى بولمىسا، فرانسىيە ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلىك، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلىك ئورنىدىن مەھرۇم بولۇپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈۋېتىلگەن ھەمراھ دۆلەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ تەختكە چىقىپلا فرانسىيىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، 4 ـ جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە باشلانغان يادرو قوراللىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش قەدىمىنى تېزلەتتى. 1960 ـ يىلى 13 ـ فېۋرال فرانسىيە سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدا تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى پارتلاتتى، دې گول: «فرانسىيە ئۇچۇن تەنتەنە قىلايلى!» دەپ تېلېگراممىا ئەۋەتىپ قىزغىن تەبرىكلىدى. ئارقىدىنلا فرانسىيە يەنمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قۇرۇقلۇقتىن قويۇپ بېرىلىدىغان ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا، باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىق سۇ ئاستى يادرو پاراخوتى ۋە يادرو بومبىسى ئاتىدىغان ئىستراتېگىيىلىك بومباردىمانچى ئايروپىلاندىن ئىبارەت ئۈچ بىر گەۋدىلەشكەن ئىستراتېگىيىلىك كۈچ تەرەققىياتى پىلانىنى تۈزدى. تۆت يىلدىن كېيىن ئاتوم بومبىسىنى ئېلىپ ماڭىدىغان

«ئېزىنتقو ــ Ⅳ » ناملىق بومباردىمانچى ئايروپىلاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقتى. 1967 ـ يىلى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئاتىدىغان «تەھدىت» ناملىق تونجى سۇ ئاستى يادرو كېمىسى سۇغا چۈشۈرۈلدى ھەمدە 1971 ـ يىلى رەسمىي ۋەزىپە ئۆتەشكە باشلىدى. 1968 ـ يىلى تونجى ۋودوروت بومبىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك پارتلىدى. 1971 ـ يىلى فرانسىيە ئارمىيىسىگە تونجى تۈركۈمدىكى قۇرۇقلۇقتىن قويۇپ بېرىلىدىغان ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

دې گول فرانسىيىدە مۇستەقىل يادرو كۈچى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئامېرىكىنىڭ بېسىمىغا قەتئىي تاقابىل تۇرۇپ، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يادرو مونوپوللۇقىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 1963 ـ يىلى دې گول ئامېرىكىنىڭ فرانسىيىنىڭ مۇستەقىل يادرو كۈچىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالمىش شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى «كۆپ تەرەپلىك يادرو كۈچى» پىلانىنى رەت قىلدى ھەمدە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا چىقارغان «يادرو سىنىقىنى قىسمەن مەنئى قىلىش شەرتنامىسى» نى قەتئىي توستى. دې گول مەملىكەت ئىچىدىكى يادروغا قارشى كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا قارىماي، مۇستەقىل يادرو كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ئېغىشماي ماڭدى. كېيىن، فرانسىيىدىكى ھەرقايسى گۇرۇھلار بۇ سىياسەتنى ئاخىر قوبۇل قىلدى.

دىپلوماتىيە جەھەتتە، دې گول: ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت «ئىككى قۇتۇپلۇق ھالەت» نى بۇزۇپ تاشلاپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداپ، چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت توپ ئىستراتېگىيە فاكچېنىنى يولغا قويدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مۇستەملىكىلەردىكى كۈچ

www.uyghurkitap.com

دائىرىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئامېرىكا بىلەن تىغمۇتىغ كۆرەش قىلىپ، فرانسىيىنى ئامېرىكا بىلەن تەڭ ـ باراۋەر بولغان مۇستەقىل ئورۇنغا ئىگە قىلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى. دې گولنىڭ ئامېرىكا بىلەن مۇستەقىللىق تالاش ـ تارتىشى ئالدى بىلەن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدىنامىسىدە ئىپادىلەندى. ئۇ تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت يېتەكچىلىك ئاپپاراتى تەشكىللەشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭدىن مەقسەت، فرانسىيىنى غەرب دۇنياسىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلىش ئىدى. بۇ تەكلىپ ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، دې گول پاسسىپ چەكلەش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ ئامېرىكىنىڭ ئۇلىنى كولىدى. 1959 ـ يىلى مارتتا فرانسىيە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ھەربىي فلوتىنى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدىن چېكىندۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئىيۇندا ئامېرىكىنىڭ فرانسىيىدە يادرو ئوق بېشى ساقلاش ۋە ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسى قۇرۇش تەلىپىنى رەت قىلدى. 1963 ـ يىلى ئىيۇندا يەنە فرانسىيىنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان فلوتىنى چېكىندۈرۈپ چىقتى. 1966 ـ يىلى فېۋرالدا دې گول مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، فرانسىيىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ھەربىي ئىشلار بىر گەۋدىسىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلاپ، ئامېرىكىنىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى، ھەربىي بازىلىرىنى بىكار قىلىنىشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن فرانسىيىنىڭ مۇداپىئە مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ئىتتىپاقنىڭ ئىچىدە سىياسىي جەھەتتىن تولۇق مۇستەقىل ئورۇنغا ئىگە بولدى.

دې گول ئامېرىكىنىڭ سىياسىتى ۋە ھەربىي زومىگەرلىكىگە

قارشى تۇرۇپلا قالماستىن، ئامېرىكىنىڭ پۇل مۇئامىلە زومىگەرلىكىگىمۇ خىرىس قىلدى. 1949 - يىلى ئامېرىكىنىڭ ئالتۇن زاپىسى كاپىتالىزم دۇنياسىدا تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيتتى. 1965 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە ئامېرىكىنىڭ ئالتۇن زاپىسى 14 مىليارد دوللارغا چۈشۈپ، تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان بولدى. ھالبۇكى، غەربىي ياۋروپا ئورتاق بازىرىدىكى ئالتۇن زاپىسى ۋە تاشقى پېرېۋوت زاپىسى 20 مىليارد دوللارغا يەتتى. بۇ خىل ئەھۋالدا، 1965 - يىلى فېۋرالدا دې گول ئورۇشتىن كېيىن ئورنىتىلغان خەلقئارا پۇل سىستېمىسى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئەمدى ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ئالتۇن بىرلىك قىلىنغان پۇل سىستېمىسى ئورنىتىپ، ھەرقايسى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ پۇلىنى باراۋەر ئورۇنغا ئىگە قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، بۇ ھال ئامېرىكا دوللىرى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇلىنى تەۋرەتمۇەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا فرانسىيە ئۆزىدىكى ئامېرىكا دوللىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇپ، ئامېرىكىغا تېخىمۇ قاتتىق بېسىم ئىشلەتتى.

دې گول فرانسىيە مۇستەقىل كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، «ھەممە دۆلەتلەرنىڭ ياۋوپاسى»نى بەرپا قىلىپ، «دۆلەتتىن ھالقىغان ياۋروپا»غا قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، «ياۋروپالىقلارنىڭ ياۋروپاسى»نى بەرپا قىلىپ، «ئاتلانتىك ئوكيان ياۋروپاسى»غا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئامېرىكا ئورناتقان غەربىي ياۋروپانى بىرلەشتۇرۇش ئەندىزىسىگە ئاشكارا قارشى تۇردى. ئۇ غەربىي ياۋروپا بىرلەشمىسىنى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا مۇستەقىل تۇرىدىغان «ئۈچىنچى كۈچ» قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا فرانسىيىنىڭ بىرلەشكەن غەربىي ياۋروپادىكى رەھبەرلىك ئورنىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش، ئەنگلىيىنى چەتكە قېقىش، گېرمانىيە بىلەن بىرلىشىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

فاڭجېنىنى قەتئىي يولغا قويدى. ئۇ فرانسىيە بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى كونا ئاداۋەتنى مەردانىلىك بىلەن تاشلاپ، فرانسىيە بىلەن گېرمانىيىنىڭ يارىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. 1963 ـ يىلى يانۋاردا فرانسىيە ـ گېرمانىيە ھەمكارلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، فرانسىيە ـ گېرمانىيە ئوق مەركىزى بولغان غەربىي ياۋروپا بىرلەشمىسىگە ئۇل سالدى ھەمدە فرانسىيە ـ گېرمانىيە ھەمكارلىق ئەندىزىسى بويىچە فرانسىيە باش بولغان ياۋروپا ئالتە دۆلەت كىچىك سىياسىي ئىتتىپاقى قۇرۇپ، ئامېرىكا ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن غەربىي ياۋروپا سىياسىي گەۋدىسى بىلەن قارشىلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئامېرىكا بىلەن پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەنگلىيىنى ئامېرىكىنىڭ «تروييان ئېتى» ھېسابلاپ، ئەنگلىيىنىڭ ئورتاق بازارغا قاتنىشىشىنى ئىككى قېتىم رەت قىلىپ، ئورتاق بازارنى ئامېرىكا لايىھىلىگەن «ئاتلانتىك ئورتاق گەۋدىسى» گە غەرق بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى.

لېكىن، ئالتە دۆلەت كىچىك ياۋروپاسى تېخى دې گولنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ياۋروپا سىياسىي قۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى ئۇزاق كەلگۈسى ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرى ئالتە دۆلەت كىچىك ياۋروپاسىنى ئاساس قىلىپ، «ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۇرالغىچە بولغان» چوڭ ياۋروپا بەرپا قىلىپ، يالتا يىغىنىدا قارار قىلىنغان ياۋروپانى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈپ ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئىدى. دې گول مۇشۇ تەسەۋۋۇرنى ئاساس قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا «پەسەيتىش، يارىشىش، ھەمكارلىشىش» فاڭجېنىنى يولغا قويۇشنى تەرغىب قىلدى. ئۇ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆز گورۇھىغا بولغان تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، شۇ ۋەجىدىن غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھەرىكەت ئىمكانىيىتى تارىيىپ، غەربىي

ياۋروپانىڭ خەلقئارا ئىشلاردا مۇستەقىل رول ئوينىشى توسالغۇغا ئۇچرىدى، دەپ قارايتتى. دې گول سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى «قۇدرەتلىك، گۈللەنگەن، ھاياتىي كۈچكە باي» كىچىك ياۋروپا ئارقىلىق شەرقىي ياۋروپاغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش، يارىشىش ئارقىلىق شەرقىي ياۋروپاغا تىنچ سىڭىپ كىرىپ، شەرقىي ياۋروپا ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىنچ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ بىرىنچى قەدەمدە ئالدى بىلەن شەرقىي ياۋروپانىڭ بىرقەدەر چوڭراق مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنىڭ مەلۇم دەرىجىدە غەربىي ياۋروپا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى يارىشىش ۋاسىتىسىگە ئايلاندۇرۇپ، غەربىي ياۋروپانىڭ ئىستراتېگىيىلىك شارائىتىنى ياخشىلاش، غەربىي ياۋروپانىڭ بىخەتەرلىكىنى كۈچەيتىش، ياۋروپانى «ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاشقا كىرىشتى.

1966 ـ يىلى فرانسىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ھەربىي گەۋدىسىدىن چېكىنىپ چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، دې گول سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلىپ، غەرب دۆلەتلىرى ئىچىدە باشلامچى بولۇپ شەرق بىلەن غەرب يارىشىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى»دىن «سۆھبەت»كە ئۆتۈش ۋەزىيىتىنى ياراتتى. دې گول ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق ھاسىل قىلىپ، فرانسىيە ـ سوۋېت ئالاھىدە مۇناسىۋەتتى ئورناتتى ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئامېرىكا بىلەن تىغمۇتىغ قارشىلىشىشىدىكى دەسمايە قىلىپ، فرانسىيىنىڭ ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەت ماكانىنى كېڭەيتتى ھەمدە فرانسىيە ـ سوۋېت ئالاھىدە مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ غەربىي گېرمانىيىنى تىزگىنلەپ، فرانسىيىنىڭ ياۋروپادىكى ئورنىنى كۈچەيتتى.

دې گول دىپلوماتىيىسىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى

فرانسىيىنىڭ 3 ـ دۇنيادىكى تەسىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش، ئامېرىكا بىلەن كەڭ ئارىلىق ماكان تالىشىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي تەسەۋۋۇرى: ئافرىقىنى ساقلاپ قېلىش، ئوتتۇرا شەرققە قول تىقىش، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا يېڭىۋاشتىن قايتىش، لاتىن ئامېرىكىسىغا كىرىشتىن ئىبارەت. 1962 ـ يىلى ئالجىرىيە ئۇرۇشى ئاخىرلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، فرانسىيە يېڭى مۇستەملىكە سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئافرىقىدىكى بىقىندى ئەللەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا قوشۇلدى، «ھەمكارلىق» نامى ئاستىدا ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، فرانسىيىنىڭ ئەنئەنىۋى كۈچى ۋە مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئامېرىكىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە فرانسىيىنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىشىدىن ساقلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دې گول «ئافرىقا ئارقىلىق ياۋروپانى بېقىش»قا، فرانسىيىنىڭ ئافرىقىدىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، فرانسىيىنىڭ شەرقىي ياۋرۇپا بىلەن غەربىي ياۋروپانىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىشتىكى ئورنىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇندى. ئوتتۇرا شەرقتە دې گول فرانسىيىنىڭ بۇرۇنقى ئىسرائىلىيىگە يان بېسىش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز ۋە ئوتتۇرا، يېقىن شەرقتىكى تەسىرى ۋە رولىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى ھەمدە فرانسىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا زۆرۈر بولغان ئەرزان باھالىق نېفىتقا ئېرىشمەكچى بولدى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا دې گول ئامېرىكا فرانسىيىدىن تارتىۋالغان ئورۇندىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، پۇرسەت تاپسىلا ئامېرىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئامېرىكىدىن قوشۇن چېكىندۈرۈشنى تەلەپ قىلدى، خەلقئارا يىغىن ئارقىلىق ھىندىچىنىنىڭ تىنچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە ھىندىچىنىنى بىتەرەپلەشتۈرۈشنى جېنىنىڭ بارىچە

تەرغىب قىلىپ ھەم ئامېرىكىغا زەربە بېرىش، ھەم 3 ـ دۇنياغا ياخشىچاق بولۇش ئارقىلىق فرانسىيىنىڭ ھىندىچىنىدىن قايتا ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن يول ئاچتى. دې گول لاتىن ئامېرىكىسىنىمۇ قولدىن بەرمىدى، 1964 ـ يىلى سېنتەبىردە ئۇ لاتىن ئامېرىكىسىدىكى 10 دۆلەتنى شەخسەن زىيارەت قىلدى.

جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىمۇ دې گول ئاكتىپ ھەمكارلىشىش پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىدى. ئۇ 1964 ـ يىلى 27 ـ يانۋاردا غەربتىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر ئىچىدە باشلامچى بولۇپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە باش ئەلچى دەرىجىلىك دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئامېرىكا بىلەن قارشىلىشىشتىن ئىبارەت مۇستەقىل دىپلوماتىيىسىدىكى مۇھىم بىر ھەرىكىتى ئىدى. چۈنكى، جۇڭگو ئازاد بولغاندىن كېيىن ئامېرىكا ئۇزاقىچە قامال قىلىش، ئىمبارگو يۈرگۈزۈش ۋە ئېتىراپ قىلماسلىقتەك دۈشمەنلىشىش مەيدانىدا تۇرغانىدى، كۆپ سانلىق غەرب دۆلەتلىرىمۇ ئامېرىكىغا ئەگىشىپ كەتكەنىدى. پەقەت دې گوللا دادىل يول تۇتۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقتى. ئۇ جۇڭگونى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى جاكارلاش ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا جۇڭگونىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمىي مەدەنىيىتىنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى مۇنازىرىسىز ئورنىنى ھەققىي ئېتىراپ قىلدى. ئۇ: «جۇڭگو ئۆزىنىڭ چوڭلۇقى، قىممىتى، ھازىرقى ئېھتىياجى ۋە كەلگۈسىدىكى كەڭ ئىستىقبالى بىلەن پۈتۈن دۇنيانىڭ بارغانسېرى كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىدۇ» دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ: فرانسىيە دۇنيانى راستچىللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىشى كېرەك، يېڭى جۇڭگونىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، دەپ يەكۈن چىقاردى.

دې گول جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىمۇ، كەلگۈسىدىكى ئىستراتېگىيە

مەسىلىسىنىمۇ نەزەرگە ئالغانىدى. ئۇ، جۇڭگونىڭ ئاسىيادىكى رولى ئەڭ مۇھىم، جۇڭگو قوشۇلماي ياكى قاتناشماي تۇرۇپ ئاسىيادا ھەرقانداق مۇھىم كېلىشىم ھاسىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس، چوڭ ئىش قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ جۇڭگو بىلەن فرانسىيە بىۋاستە سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ۋيېتنام ئۇرۇشىنى فرانسىيىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ جۇڭگونىڭ ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قارشىلىشىشتىكى مۇھىم تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى كۈچ ئىكەنلىكىنىمۇ تونۇپ يەتكەنىدى.

دې گولنىڭ بۇ كەسكىن دىپلوماتىيە ھەرىكىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1964 ـ يىلى 3 ـ فېۋرال زۇڭلى جۇئېنلەي سومالىدا فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە: «گېنېرال دې گول رەھبەرلىكىدىكى فرانسىيە ھۆكۈمىتى بەزى دۆلەتلەردىن ئۆزگىچە پوزىتسىيە تۇتۇپ، جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى قارار قىلىپ، رېئاللىققا دادىل يۈزلىنىش، مۇستەقىل، ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇشتا ئۈلگە تىكلەپ بەردى» دەپ كۆرسەتتى. جۇڭگو بىلەن فرانسىيىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشى جۇڭگو ـ فرانسىيە خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ئەينى ۋاقىتتا خەلقئارادىكى زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، ئامېرىكا بىلەن قارشىلىشىش كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈردى. دې گولنىڭ ئۆزىمۇ جۇڭگوغا تەلپۈنەتتى، ئۇ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن جۇڭگونى زىيارەت قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى، لېكىن تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئارزۇسىغا يېتەلمىدى.

# ئون ئىككىنچى باب غەربكە پاتقان قۇياش

1968 ـ يىلى ئەتىيازدا شىمالىي ئامېرىكىدىن غەربىي ياۋروپاغىچە ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغالغان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى فرانسىيىگىمۇ يېتىپ كەلدى. پارىژدىكى نونتېل ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاۋۋال چاتاق چىقىرىپ، 22 ـ مارتتا مەكتەپنى ئىشغال قىلىۋالدى. 2 ـ مايدا ھۆكۈمەت پەرمان چىقىرىپ، نونتېل ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنى تارقىتىۋەتتى. قالايمىقانچىلىق ناھايىتى تېزلا پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېڭىيىپ، ۋەزىيەت تېزلا يامانلىشىپ كەتتى. 3 ـ مايدا فرانسىيىنىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى تارىخىدا ساقچىلار تۇنجى قېتىم پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، نامايىش قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى تارقىتىۋەتتى، مەكتەپنى قامال قىلىپ، 600 ئوقۇغۇچىنى سوراق قىلدى، ئۇلاردىن ئىككىسى ئىككى ئايلىق قاماققا ھۆكۈم قىلىندى. ھۆكۈمەتنىڭ باستۇرغانلىقى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك ئىش بولدى، پارىژدىكى ئوقۇغۇچىلار كوچىلارغا چىقىپ ساقچىلار بىلەن كەڭ كۆلەمدە توقۇنۇشتى. كېيىن باشقا ئۆلكە ـ شەھەرلەردىمۇ قالايمىقانچىلىق چىقتى. دې گول كوچىدا توپىلاڭ قىلىشقا قەتئىي يول قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ساقچىلارغا ياش ئاققۇزىدىغان گاز چېچىپ ئوقۇغۇچىلارنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. توقۇنۇشتا ئوقۇغۇچىلار تاش ـ توقماق كۆتۈرۈپ ساقچىلار بىلەن تىركەشتى، جەمئىي 360 نەچچە ئادەم يارىلاندى. 500 نەچچە ئادەم قولغا ئېلىندى، 100 دىن ئارتۇق ئاپتوموبىل كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. 11 ـ مايدا باش مىنىستىر پومپىدۇ چەت ئەلدىكى زىيارەتتىن قايتىپ كېلىپ، ھەرىكەتنى يۇمشاق قوللۇق بىلەن

بېسىقتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، كەچۈرۈمنامە ئېلان قىلىپ، قىسمەن ئوقۇغۇچىلارنى قويۇۋەتتى ھەمدە 13 ـ مايدا پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنى قايتا ئېچىۋەتتى. لېكىن كېچىككەندى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ئالاقە باغلاپ، 13 ـ مايدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىش تاشلاشنى قارار قىلىپ بولغانىدى. شۇ كۈندىكى ئىش تاشلاشتا كىشىلەر «10 يىل بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتتى»، «دې گول ئىستېپا بەرسۇن!» دېگەندەك روشەن سىياسىي تۈس ئالغان شوئارلارنى توۋلاپ، تىغ ئۇچىنى ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈۋاتقان دې گولغا بىۋاستە قاراتتى.

24 ـ مايدا دې گول نۇتۇق سۆزلەپ، كىشىلەردىن خىزمەت ئورنىغا قايتىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە 16 ـ ئىيۇن ئۆزىنىڭ «قاتنىشىش» پىلانى توغرىسىدا پۇقرالارنى ئاۋاز بېرىشكە ئۇيۇشتۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قېتىم دې گولنىڭ نۇتقى ھېچقانداق ئىنكاس قوزغىيالمىدى، كىشىلەر ئۇنىڭ مەزمۇنى قۇرۇق، مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغان لايىھىسىدىن قاتتىق ئۆمىدسىزلەنگەنىدى. چوڭ ئىش تاشلاش داۋاملاشماقتا ئىدى. 27 ـ مايدىن باشلاپ ئىجتىمائىي كرىزىس يەنىمۇ كۈچىيىپ سىياسىي كرىزىسكە ئايلاندى. 28 ـ مايدا سول قانات ئىتتىپاقىنىڭ داھىيسى مىتران مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەگەر دې گول ھۆكۈمىتى 16 ـ ئىيۇندىكى پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىدە مەغلۇپ بولسا، ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىللەشنى خالايدىغانلىقىنى، سابىق باش مىنىستىر مۇندالىس ـ فرانس ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە باش مىنىستىر بولىدىغانلىقىنى، ئۆزى زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىمۇ «خەلق ھۆكۈمىتى» قۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە 29 ـ ماي نامايىش قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. بۇ مۇھىم پەيتتە سىياسىي كرىزىس

دې گولنىڭ بىردىنلا ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىشى بىلەن يۇقىرى پەللىگە يەتتى.

ئەسلىدە دې گول ۋەزىيەتنىڭ ئەڭ يامان تەرىپىنى نەزەرگە ئېلىپ، فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇيۇشتۇرغان نامايىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئېلىسې سارىيىنى قورشىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن زۆرۈر مەھكىمىسىنى تاشلاپ كېتىپ، نامايىشچى ئامىمغا قۇرۇق ئۆينى تاشلاپ بەرمەكچى بولغانىدى. دې گول ئوبدان ئويلانغاندىن كېيىن، ئاۋۋال فرانسىيىنىڭ گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق قوراللىق كۈچىنىڭ باش قوماندانى مارشۇنى تېپىپ، ئارمىيىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولدى. مارشۇ ئۇنىڭغا ئارمىيىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر دې گولغا سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە گېنېرالنىڭ يەنىلا پارىژغا قايتىشنى ئاقىلانە ئىش، دەپ تەكىتلىدى. دې گول ئارمىيىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلگەندىن كېيىن خاتىرجەم بولدى. ئۇ پومپىدۇغا تېلېفون بېرىپ، ئەتىسى ئىچكى كابىنېت يىغىنى چاقىرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى ھەمدە باش كاتىپ تىرىرغا تېلېفون بېرىپ: «نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئەمدى بىلدىم!» دېدى.

دې گولنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ئۆكتىچىلەر ئۇنى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى، دەپ ئويلىغانىدى. 29 ـ ماي كەچتە مۇندالس ـ فرانس، مىتران ۋە سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ داھىيسى موللېر قاتارلىقلار يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مۇندالس ـ فرانسنى سول قانات ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ۋاقىتلىق باش مىنىستىرلىققا كۆرسەتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقتى. 30 ـ ماي دې گول پارىژغا قايتىپ كېلىپ، چۈشتىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەتكە رادىئو نۇتقى سۆزلەپ، ئۆز ۋەزىپىسىدە قالىدىغانلىقىنى، پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىدىغانلىقىنى، لېكىن باش مىنىستىرنى ئالماشتۇرمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە فرانسىيە

«ھاكىمىيەتلىق كوممۇنىزمنىڭ مۇستەبىتلىكى» تەھدىتىگە دۇچ كەلمەكتە دېگەندەك كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سالىدىغان گەپلەرنى قىلىپ، جايلاردىكى خەلقنى ھەرىكەتكە كېلىپ ھۆكۈمەتنى قوللاپ، ھەرقانداق ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا چاقىردى. ئەمەلىيەتتە، كوممۇنىزمنىڭ تەھدىتى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەسلىكى دې گولغا بەش قولدەك ئايان ئىدى، لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ قالايمىقانچىلىقتىن قورقۇش پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ بۇ «كوزىر» نى ئوتتۇرىغا چىقاردى. شۇ كۈنى كەچتە دې گولچىلار چاقماق تېزلىكىدە نامايىشقا قارشى ھەرىكەت تەشكىللىدى. 1 مىليون كىشىلىككە يېقىن قوشۇن ھەيۋەت بىلەن ئۆملۈك مەيدانىدىن ئېلىسې «راھەتباغ» كوچىسىغىچە نامايىش قىلىپ دې گولنى قوللىدى. پارىژنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئۆزگىرىشكە باشلىدى، مەملىكەتنىڭ باشقا ئۆلكە ــ شەھەرلىرىدىمۇ ئەھۋال تېزدىن ياخشىلاندى، ئىيۇندىكى سايلامدا دې گولنى قوللاپ بېرىلگەن ئاۋاز 10 مىليوندىن ئېشىپ، دې گولچىلار پارلامېنتتىكى ئورۇنلارنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن دې گول ماي كرىزىسىدىن ئاخىر قۇتۇلۇپ، ۋەزىيەتنى قايتىدىن تىزگىنلىدى. ۋەھالەنكى، ماي ۋەقەسىدە ئاشكارىلانغان كرىزىس ۋە زىددىيەت بۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشمىدى.

بۇ قېتىمقى ۋەقە ماھىيەتتە فرانسىيە خەلقىنىڭ دې گول ھاكىمىيىتىگە بولغان ئۇزاقتىن بۇيانقى نارازىلىقى ۋە بىزارلىقىنىڭ بىراقلا پارتلىشى ئىدى. دې گول يېڭىۋاشتىن خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، بىراقلا چۈشۈپ كەتكەن ئىناۋىتىنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن 5 ـ قېتىم پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىدىن مەدەت تىلىدى. ئۇ 1969 ـ يىلى 27 ـ ئاپرېلدا فرانسىيىدە ئىككى خىل ئىجتىمائىي ئىسلاھات، يەنى بىرىنچى، جايلاردا ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، 21 چوڭ ئىقتىسادىي رايون ۋە كورسىكا ئارىلىغا يەرلىك مەمۇرىي ھۆكۈمەتلىك ئورۇن بېرىپ،

ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتىش؛ ئىككىنچى، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەنئەنىۋى قۇرۇلمىسى ۋە ھوقۇقىنى ئىسلاھ قىلىپ، پەرلىك پارلامېنت ئەزالىرى سايلاپ چىققان 173 نەپەر كېڭەش پالاتا ئەزاسى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ساھە ۋە مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ 150 ۋەكىلىدىن تەركىب تاپقان مەسلىھەتچىلەر كېڭەش پالاتاسى تەسىس قىلىش توغرىسىدا پۇقرالارنى ئاۋاز بەرگۈزۈشنى قارار قىلدى. دې گول ئەگەر پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىدە مەغلۇپ بولسا، ئىستېپا بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق جاكارلىدى.

1969 - يىلى 20 - ئاپرېلدا، يەنى پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىدىن يەتتە كۈن بۇرۇن، دې گول ئېلىسې سارىيىدىكى كىچىك زالدا جىيەنى پوپ فرانسىۋا دې گول رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن مىسساغا قاتناشتى. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئۆز ئۆيىدە بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرىنى كۈتۈۋالدى. دې گول ئۇلارغا: «بۇ قېتىمقى پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىدە مەغلۇپ بولىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. مەن مۇستەقىللىق تەرەپدارلىرىنىڭ ئاۋازىدىن ھامان مەھرۇم قالىمەن» دېگەنىدى.

دې گولنىڭ بىئوگرافى كروزيېر: «دې گولنىڭ تەۋەككۈلچىلىك ھەۋىسى قىلچە سۇسلاپ قالمىدى، ئۇ ئوچۇق - ئاشكارا مەغلۇپ بولۇپ ئىستېپا بېرىشكە رازى ئىدىكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سىياسىي سەھنىدىن جىمجىتلا چۈشۈپ كېتىشنى خالىمايتتى» دېگەنىدى.

پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا دې گول كولونبېدا ئۇنى يوقلاپ كەلگەن بۇرۇنقى ياردەمچىلىرى ئالدىدا تارىخنىڭ ئۇنى چېكىنىشكە ھۆكۈم قىلغانلىقىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى رازىمەنلىك بىلەن بىلدۈردى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى كىشىلەر دۇمباقچىلىق قىلىپ: «سىزنىڭ چېكىنگەنلىكىڭىز ئالىيجانابلىق. بۇ سىزنىڭ ئېسىل پەزىلىتىڭىزگە، شانلىق تارىخىڭىزغا مۇناسىپ كېلىدۇ»

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

دېيىشتى.
28 ـ ئاپرېل چۈشتە ئالائىن پوئېر كېڭەش پالاتاسىنىڭ باشلىقى سۈپىتى بىلەن جۇمھۇرىيەتنىڭ ۋاقىتلىق زۇڭتۇڭى بولۇپ تۇردى، دې گولنىڭ بارلىق مىنىستىرلىرى ئەسلىي ۋەزىپىسىدە قالدى. دې گول ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ 48 سائەت بولمايلا، جورجى پومپىدۇ بولغۇسى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا زۇڭتۇڭ نامزاتى بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. دې گول ئۇنىڭغا ئۈتۈق تىلىدى.
دې گول ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سابىق زۇڭتۇڭ سۈپىتىدە بېرىلىدىغان يىللىق مائاشىنى ئېلىشنى رەت قىلدى. ئۇ پۇلغا ئەزەلدىن قىزىقمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ قەلەم ھەققى ۋە فرانسىيە دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى كىرىمى تۇرمۇشىغا يېتىپ ئاشاتتى. دې گولنىڭ دۆلەتتىن قوبۇل قىلغان بىردىنبىر نەرسىسى قوراللىق قىسىم تەرىپىدىن بۆيرۈپ بېرىلگەن، برېتېيل كوچىسىغا جايلاشقان تۆز ئۆگزىلىك كىچىك بىر يۈرۈش ئۆي بولدى.
1969 ـ يىلى 19 ـ ئىيۇندا دې گول كولۇنبېغا قايتىپ كېلىپ ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، «ئۈمىد ئەسلىمىسى» نى يېزىشقا كىرىشتى. فرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، پېئىرلوئىس براۋن رەھبەرلىكىدىكى تەتقىقات گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتىپ بەردى.
دې گول ئەسلىمىسىنى يېزىپ بىكار بولغىنىدا چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىش خۇمارىنى تاشلىمىدى. 1970 ـ يىلى ئىيۇندا ئۇ ئىسپانىيىگە ساياھەتكە بېرىپ مادرىد ئەتراپىدىكى ئېل پاردو سارىيىدا گېنېرال فرانكو بىلەن تاماقتا بىللە بولدى. ئۇ ساياھەت مەزگىلىدىمۇ يېزىقچىلىقىنى ئۈزۈپ قويمىدى. ئۇنىڭ 1958 ــ 1962 ـ يىللاردىكى ئىشلار يېزىلغان ئەسلىمىسىنىڭ 1 ـ تومى «گۈللىنىش» 1970 ـ يىلى نەشردىن چىقىپلا بازىرى ئىتتىك كىتابقا ئايلاندى. 2 ـ تومى «تىرىشىش» نىڭ ماۋزۇ

قويۇلمىغان ئىككى بابىنىلا تاماملىيالىدى. دې گول پېئېر لوئىس براۋنغا يازغان خېتىدە ئەسلىمىنىڭ 2 ـ تومى يەتتە باب بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئىككى بابىدا سىياسىي ئىشلار، ئىككى بابىدا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار، ئىككى بابىدا دىپلوماتىيە ئىشلىرى، ئاخىرقى بابىدا پەلسەپىۋى مەسىلىلەر يېزىلىدىغانلىقىنى يازدى، دې گول ئاخىرقى باپتا فرانسىيىگە، ياۋروپاغا ۋە دۇنياغا باھا بەرمەكچى بولغانىدى. ئەسلىي پىلاندا دې گول 1966 — 1969 ـ يىللاردىكى ئىشلارنى «ئاخىرقى نۇقتا» دېگەن نام بىلەن 3 ـ توم قىلىپ يازماقچى ئىدى.

ئەگەر دې گول تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ كەتمىگەن بولسا، ئاسىيادىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ جۇڭگوغا بولغان ھېسسىياتى چوڭقۇر بولۇپ، جوڭگونى «تارىختىنمۇ قەدىمىي ئەل»، جۇڭگولۇقلار «ھەقىقىي كىشىلەر، ئىپتىخارلىق كىشىلەر» دەپ ئاتىغانىدى. ئۇ يېڭى جۇڭگو رەھبەرلىرى قولغا كەلتۈرگەن ۋە ئازادلىقتىن كېيىن قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەردىن تولىمۇ زوقلىنىپ: «پەقەت ماۋزېدۇڭلا تېگىشلىك ئابرۇيى بىلەن جۇڭگونى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ئورۇنداش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدۇ، پەقەت ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدىلا جۇڭگونى ئەينى چاغدىكى تەرەققىي قىلمىغان ۋە ھۆكۈمەتسىز ھالەتتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن سەددىچىن سېپىلىنى كۆرۈشنى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددەس جايى يەنئەننى زىيارەت قىلىشنى، يەنە قەدىمىي پايتەخت شىئەنگە بېرىشنى، ئاندىن شاڭخەي، نەنجىڭ، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلىشنى ئارزۇ قىلغانىدى. ئۇ جۇڭگونى ئۇلۇغ ئەل، تارىخى ئۇزۇن، بايلىقى مول، زېمىنى كەڭ دەپ تەرىپلىگەنىدى. ئەپسۇسكى، تەقدىر ئىلاھى ئۇنى ھاياتىدىن بالدۇرلا جۇدا قىلدى، ئاخىر ئۇ جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئارزۇسىغا يېتەلمىدى.

1970 ـ يىلى 9 ـ نويابىردا دې گول يۈرەك كېسىلى

سەۋەبىدىن تۇيۇقسىز قازا تاپتى. ئۇنىڭ 80 ياشقا كىرىشىگە ئىككى ھەپتىلا قالغانىدى. قازا قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭدا ھېچقانداق كېسەل ۋە بىتابلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن، قازا قىلغان كۈنىمۇ ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا ئەسلىمە يېزىۋاتقانىدى.

دوختۇر قىسقىچە تەكشۈرۈپ: ئارتېرىيە ئۆسمىسىدىن كېلىپ چىققان ئاشقازان ئارتېرىيىسى يېرىلىش، دەپ دىئاگنوز قويدى. گېنېرال قان تومۇرى تۇيۇقسىز يېرىلىپ كەتكەچكە ھوشىدىن كەتكەن، ئۇنىڭ چىرايى بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدىلا تاتىرىپ، قوللىرىمۇ تەڭلا ئاقىرىپ كەتكەن، دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، گېنېرال ئازاب تارتمىغان، ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلمىگەن.

دې گول خانىم باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ ھەر ۋاقىت ئەقلىنى يوقىتىپ قويمىدى. قايغۇسىنى باستى ھەمدە ئۆزىگە قاراشلىق تۇرغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ يوپ جوگاينى پارىژدىكى گېنېرال بۇۋاسىئېغا تېلېفون بېرىپ، گېنېرال دې گولنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇشنى ھەمدە ئۇ ئارقىلىق فىلىپ دې گولغا خەۋەر قىلىشنى تاپىلىدى، بۇ مىسسىئونېر بۇۋاسىئېغا: «قېيناتىڭىز تېخى ھېلىلا بىزدىن ئايرىلدى ...» دەپ خەۋەر قىلدى.

زۇڭتۇڭ پومپىدۇ ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 8 يېرىمدا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى. چۈشتە ئۇ فرانسىيە خەلقىگە تۆۋەندىكىدەك رادىئو نۇتقى سۆزلىدى:

*ئەر ـ ئايال قېرىنداشلار:*

*گېنېرال دې گول ۋاپات بولدى، فرانسىيە يېقىن ئادىمىدىن ئايرىلدى، 1940 ـ يىلى گېنېرال دې گول شان ـ شەرىپىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالغانىدى. 1944 ـ يىلى بىزنىڭ ئازادلىققا ۋە غەلىبىگە قاراپ مېڭىشىمىزغا رەھبەرلىك قىلغان، 1958 ـ يىلى بىزنى ئىچكى ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن قۇتقۇزۇپ چىققانىدى، ئۇ بۈگۈنكى فرانسىيىنىمۇ ئۆزىنىڭ تۈزۈمىگە، مۇستەقىللىققا ۋە*

*خەلقئارادىكى ئورۇنغا ئىگە قىلدى.*

*پۈتۈن مەملىكىتىمىز بويىچە ماتەم تۈتۈلۈۋاتقان مۇشۇ پەيتلەردە، ھەممىمىز قايغۇ ئىچىدىكى دې گول خانىم ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى، نەۋرىلىرى ئالدىدا ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرەيلى. ھەممىمىز مىننەتدارلىقنىڭ ئۇستىمىزگە يۈكلىگەن مەسئۇلىيىتىنى دەڭسەپ كۆرەيلى. ھەممىمىز ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن تەلىملىرىنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز دەپ فرانسىيىگە كاپالەت بېرەيلى. دې گول پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات .*

10 ـ نويابىردا ئېلىسې سارىيىدا گېنېرالنىڭ دەپنە ئىشلىرى توغرىسىدىكى ۋەسىيىتى ئېلان قىلىندى. بۇ ۋەسىيەت بۇرۇنلا يېزىلغان بولۇپ، ئۆزگەرتىلىپ باقمىغانىدى. بۇ ۋەسىيەت ئەمەلىيەتتە 1952 ـ يىلى 16 ـ يانۋاردا دې گولنىڭ پومپىدۇغا ئۆز قولى بىلەن بەرگەن خېتىگە يېزىلغانىدى. خەت پېچەتلىنىپ، دې گولنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئېچىش بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئەمدى خەتنى ئېچىش ۋاقتى كەلگەنىدى، خەتتە مۇنداق يېزىلغان:

*دەپنە مۇراسىمىنىڭ كولۇنبې چېركاۋىدا ئۆتكۈزۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر باشقا جايدا ئۆلۈپ كەتسەم، جەسىتىم چوقۇم يۇرتۇمغا ئېلىپ كېلىنسۇن، ھېچقانداق نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈلمىسۇن.*

*قەبرەم قىزىم ئاننا دەپنە قىلىنغان جايدا بولسۇن، كېيىن رەپىقەممۇ ئاشۇ يەرگە دەپنە قىلىنسۇن. قەبرە تېشىغا: شارل دې گول دەپلا يېزىلسۇن.*

*دەپنە مۇراسىمىنى ئوغلۇم، قىزىم ۋە كېلىنىم خۇسۇسىي ياردەمچىلىرىمنىڭ ياردىمى بىلەن ئورۇنلاشتۇرسۇن، مۇراسىم ئىنتايىن ئاددىي بولسۇن. ماتەم مۇراسىمى دۆلەت دەرىجىسى*

بويىچە ئۆتكۈزۈلمىسۇن. زۇڭتۇڭ، مىنىستىرلار، پارلامېنت ۋەكىللىرى ئۆمىكى ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرى ۋەكىللىرى قاتناشمىسۇن. پەقەت رەسمىي قاتناشسا بولىدۇ. ئەمما، ئادەم سانى كۆپ بولمىسۇن، ئوركېستىر مۇزىكا چالمىسۇن، ھەربىي مىزگانمۇ چېلىنمىسۇن.

چېركاۋ ياكى باشقا جايلاردا ماتەم نۇتقى سۆزلەنمىسۇن، ماتەم مۇراسىمىدا ئائىلەمدىكىلەر، ئازادلىققا تۆھپە قوشقانلار ئۆمىكىدىكى سەپداشلىرىم ۋە كولونبې شەھەرلىك پارلامېنت ئەزالىرىدىن باشقىلارغا ئورۇن قالدۇرۇلمىسۇن. ئەگەر فرانسىيىدىكى ئەر - ئايال قېرىنداشلار خالىسا، ۋاپاتىمدىن كېيىنكى نامىمغا شان - شەرەپ كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مېيىتىمغا ھەمراھ بولۇپ ياتار ماكانىمغىچە ئۇزىتىپ بارسا بولىدۇ.

مەيلى فرانسىيىدىن ياكى چەت ئەلدىن بېرىلىدىغان ھەرقانداق نام، دەرىجە، شەرەپ، مۇكاپات ۋە ئوردېنلارنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدىغانلىقىمنى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى دەپ قويااي. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەرقاندىقى ماڭا بېرىلسە، ئاخىرقى ئارزۇيۇمغا خىلاپ بولىدۇ.

1970 - يىلى 12 - نويابىردا فرانسىيىدە دې گول ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كۈنى فرانسىيە زېمىنىدا ۋە چەت ئەللەردىكى بېقىندى جايلاردا دۆلەت ماتەم كۈنى قىلىپ ئومۇميۈزلۈك بەلگىلەندى. مىنىستىرلار ۋە دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزالىرى ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشمىدى. بىرقانچە سابىق مىنىستىر، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش ۋاقتىتىكى دې گولنىڭ سەپداشلىرىلا كەنت چېركاۋىدىكى دەپنە مۇراسىمىغا ۋە شۇ جايدىكى چېركاۋ قەبرىستانلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن يەرلىكىدە قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى. شۇ كۈنى فرانسىيىدىكى 40 مىڭ ئەر - ئايال جاي - جايلاردىن كولونبېغا ئۆزلۈكىدىن كېلىپ، گېنېرال دې گولنى ئاخىرقى قېتىم ئۇزىتىپ قويىدى.

شۇ كۈنى نەچچە يۈز مىڭلىغان پارىژلىق چېلەكتە قۇيغاندەك يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي ئېلىسې سارىيىغا بېرىپ، زەپەر دەرۋازىسىدا، يەنى دې گول بۇنىڭدىن 26 يىل بۇرۇن ھەربىي پاراتنى كۆزدىن كەچۈرگەن جايدا گېنېرالغا سۈكۈتتە تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

كىشىلەرنىڭ دې گولنىڭ ھاياتىدىكى تۆھپىسى بىلەن خاتالىقىغا بەرگەن باھاسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن مۇنداق بىرقانچە ئىشنى فرانسىيە خەلقى ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىدى ھەمدە ئۇ تارىخ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلدى:

*دې گول فرانسىيىنىڭ شان ـ شەرىپىنى قوغداپ قالدى. فرانسىيىنى قۇتقۇزۇپ قالدى، فرانسىيە دېمەك ـــ دې گول دېمەكتۇر.*

*ۋىشى ھۆكۈمىتى قانۇنسىز ھۆكۈمەت، چۈنكى پېتائېن ناتسىستلار بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇ ھۆكۈمەت كورەشنى داۋاملاشتۇرماي تەسلىم بولدى، دۆلەت زېمىنىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدىن ۋاز كەچتى ھەمدە كېيىن دۈشمەن بىلەن ھەمكارلاشتى.*

*دې گولنىڭ 1940 ـ يىلى 18 ـ ئىيۇندىكى مۇراجىئىتى ئۇنىڭغا «قانۇنلۇق ئورۇن» بەردى: شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ دۆلەتنىڭ قانۇنلۇق ھامىيسى ۋە قوغدىغۇچىسى بولۇپ كەلدى، ھەتتا ۋەزىپە ئۆتىمىگەن مەزگىلدىمۇ شۇنداق بولدى.*

*دې گول فرانسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇلۇغ شان ـ شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.*

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچىنچى باب مەشھۇر شەخس، ھەربىي، يازغۇچى

دې گولنىڭ ئابرۇيى ئۇ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ نامىدىكى سېھرىي كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەرمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇ. ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق. دې گول بىر ھەربىي سۈپىتىدە باتۇر ھەم ئۇرۇشقا ماھىر ئىدى، لېكىن ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا (بولۇپمۇ فرانسىيىنىڭ مەشھۇر ھەربىي قوماندانى ناپولېئون بىلەن سېلىشتۇرغاندا)، ئۇنى ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىچى دېگىلى بولمايتتى. ئۇ بىر يازغۇچى سۈپىتىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇردى، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىمۇ يۈكسەك ئوبراز تىكلىدى. بىر سىياسىيون نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي ئوخشاشمىغان ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا، ئۇ كىشىلىك پەزىلەت ۋە دەسلەپكى سالاپەت جەھەتتە روھىي جەھەتتىن ۋە ئوبراز جەھەتتىن ھەقىقەتەن ئۇلۇغلۇقنى نامايان قىلغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ دۇنيانىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى تولىمۇ ئاجىز بولدى. ئىككىنچى باسقۇچتا، كاتتا ھوقۇقدارلارغا خاس سىياسىي ماھارەت ۋە تېخنىكىغا ئىگە ئىدى، كامالەتكە يەتكەن، قىل سىغمايدىغان تالانت ئىگىسى ئىدى. يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ قارىغاندا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئۇ سەزگۈرلۈكى، پەيتنى تاللاشتىكى ماھىرلىقى، نوپۇزى ھەمدە پۈتۈن سورۇننى ئۆزگە جەلپ قىلالايدىغان قالتىس ناتىقلىقى بىلەن مەشھۇر. ئۇ

دۇنيادا تەڭداشسىز ئارتىس ۋە ئەپسانە يازغۇچىسى ئىدى. ئۇ يۈكسەك ئوبرازى، قەتئىي ئىرادىسى ۋە مادارا قىلمايدىغان خاراكتېرى بىلەن خەلقئارا سەھنىدە ئىنتايىن زور تەسىر پەيدا قىلدى.

دې گولنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس قەيسەرلىكى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئىش ئىزلىرىنى بىلىشتىكى ئاساسىي يىپ ئۇچى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئىش ئىزلىرى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئۇزۇق بىلەن تەمىن ئېتىپ، مىجەز ـ خاراكتېرىنى تاۋلىدى. دې گولنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدا ئاددىي، يەنى كىشىلىك ھېسسىياتقا مۇۋاپىق تەرەپمۇ بار. ئۇنىڭ كېسەلچان قىزى ئانىغا بولغان ئوتلۇق مېھىر ـ مۇھەببىتى بۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇ ئوبدان تەربىيە كۆرگەچكە ئەدەپ ـ قائىدىلىك ئادەم بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ئۆزىگە خەت يازغانلىكى ئادەمگە، ھەتتا ناتونۇش بولسىمۇ ئەدەپ بىلەن جاۋاب خەت يازاتتى. ئۇ ئۆزىگە تەقدىم قىلىنغان ھەرخىل كىتابلارنى ئوقۇپ چىققانىدى. بۇ كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرى بۇنى بىلگەندىن كېيىن ھەم ھەيران قالدى، ھەم خۇشال بولدى.

ئۇنىڭ مادارا قىلماسلىقى بىلەن بىللە تەرسالىقىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاشمايدىغان ھەم ئۆزلۈكسىز چېنىقتۇرۇلغان خاتىرىسى ئۇنىڭ كونا ئۆچ ـ ئاداۋەتلەرنى ئۇنتۇپ كېتىشىگە يول قويمايتتى. ئۇ كۆڭلىگە ئازار بولغان ئىشلارنى تولۇق ئەستە ساقلاپ، ھېچقاچان كەچۈرمەيتتى، لېكىن ئۆزىگە قىلىنغان شاپائەتلەرنى بولسا ئەتەي ئۇنتۇپ كېتەتتى. ئۇ ئۆزىنى تارىخ سەھنىسىگە چىقارغان چېرچىلغا ئالدى بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى كېرەك ئىدى. لېكىن، دې گول بۇ ياش ۋەزىرنى ئۆز ئەسلىمىسىدە ئاز ـ تولا تەرىپلەپ قويغاندىن باشقا، ئۇنىڭدىن قىلچە مىننەتدار بولمىدى. ئەمدى كۆڭلىگە تەگكەن ئىشنى، يەنى چېرچىلنىڭ فرانسىيە مەنپەئىتىنى ئەنگلىيىنىڭ ھەمدە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ

يېقىن شەرقتىكى ئىستراتېگىيىلىك تەلىپىگە بويسۇندۇرۇۋەتكەنلىكىنى بولسا كۆڭلىدىن زادىلا چىقىرىۋەتمىدى. ئۇ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئۇنى نورماندىيىدە قۇرۇقلۇقتا چىقىش پىلانىنى تۈزۈشكە قاتناشتۇرمىغانلىقىنى زادى كەچۈرمەي ئۆتتى، ئۇ نۇرغۇن يىللاردىن كېيىنمۇ قۇرۇقلۇقتا چىقىقانلىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىشنى رەت قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىدى. ئۇ روزۋېلتىنىڭ ئىزچىل تۈردە ئۇنىڭ رولىنى چۆكۈرۈپ كەلگەنلىكىگە ئۆمۈر بويى ئاداۋەت ساقلاپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ئورۇنلۇق تەرەپلەرمۇ بار. لېكىن، ئۇ شەخسىي ھېسسىياتنى دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە زىيادە ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى بىلەن ھەر دائىم ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك.

قەيسەر، تىز پۈكمەسلىكىدىن باشقا، ئۇنىڭ دۇنياغا ۋە ئۆزىنىڭ دۇنيادا ئوينىغان رولىغا بولغان قاراشلىرىنى «ۋەھىي» دەپ مۇتلەق دەپ بىلىشىمۇ ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىكى ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىك. ئۇ ئۆز رولىنى خۇدانىڭ رولىدەك ھېسابلايتتى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بىرنەچچە يىلدا كۆپ قېتىم دۇنياغا بالايىئاپەت كېلىش ئالدىدا، مەن دۇنيانى شۇ بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزغۇچى خۇدا، دېگەنىدى. 1958 ـ يىلدىن كېيىنكى 10 يىللىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش جەريانىدا ئۇ بىرمۇنچە ھەقىقىي كىرىزىسكە دۇچ كەلدى، بۇ كىرىزىسلار ئۇنىڭ نوپۇزىغا بىۋاسىتە خىرىس قىلغانىدى. لېكىن، « بېشىدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن بۇ شەخس» بۇ خىل ۋەزىيەتنى تازا ئوبدان پۇرسەت دەپ بىلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ھايات فرانسىيىلىكلەر ئىچىدە دې گولدەك ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ كۈچى بىلەن 1960 ـ يىلى يانۋاردىكى ۋە 1961 ـ يىلى ئاپرېلدىكىدەك خىرىسنى يېڭەلەيدىغان ئادەم چىقمىسا كېرەك.

تارىخىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، دې گول ئىش تېرىپ تۇرمىسا

يېگەن ئېشى تېنىگە سىڭمەيدىغان ئادەم ئىدى. ئەگەر كرىزىس تەبىئىي پەيدا بولمىسا، كرىزىسقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى كرىزىس پەيدا قىلاتتى. ئۇ مۇشۇ يول بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ياروپا ئورتاق بازىرىغا كىرىش ئىلتىماسىنى ئىككى قېتىم ئىنكار قىلدى، يەنە شۇ يول بىلەن شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ئىچىدە ھەربىي بىر گەۋدىلەشتۇرۇشكە قارشى چىقتى، ئۇ 1966 ـ يىلى مارتتا فرانسىيىنىڭ بارلىق قوشۇنلىرىنى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدىن چېكىندۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى قارار قىلىش بىلەن بۇخىل كرىزىسنى پەللىگە يەتكۈزدى. دې گول مۇشۇنداق ئويۇنلارنى ئويناپ، ئۆزىنى سەھنىنىڭ مەركىزىگە قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە باشقا بارلىق قوشۇمچە پېرسوناژلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە قىممىر قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ ھال بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ھەربىي بولۇش سۈپىتى بىلەن تەرتىپ ـ ئىنتىزامنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ سىياسىي پارتىيە تۈزۈمىگە ئۆچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ سىياسەتۋازلارنى، بولۇپمۇ فرانسىيىدىكى پارتىيىلەرنىڭ ئۆز گېپىنىلا راست قىلىش، ھەتتا ئىدىيە جەھەتتە تۇتۇرۇقسىزلىق قىلىشتەك يامان ئىللەتلىرىنى كەمسىتىشىمۇ بۇنىڭ ئىنكاسى.

گېنېرالنىڭ «مەن» دېگىنى ناھايىتى كەڭ مەزمۇنغا ئىگە ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۇنى ھەممە سۆز، ھەممە سورۇن، ھەممە ئەسەرنىڭ مەركىزى دەپ قارىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىككى ئەپچىل چارە تاپقانىدى: بىرى، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق نۇقتىئىنەزەر ۋە ھېسسىياتلىرىنى فرانسىيىنىڭ دەيتتى؛ يەنە بىرى، ئۇ گويا ئۆزىنىڭ ئەمەس، بەلكى تارىختا ئۆتكەن بىر شەخسنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا توختىلىۋاتقاندەك، ئۆزىنى ئۈچىنچى شەخس تۇسىدە گېنېرال دې گول دەپ ئاتاش ئارقىلىق ئۆز خىزمىتىنى چۈشەندۈرەتتى. ئۇ بارلىق شەيئىلەرگە ئۆزۈم مەركەز دېگەن

نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغانلىقى ئۈچۈن، قايتا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى 12 يىلنى بىر بوشلۇق دەپ قارىدى ياكى 4 ـ جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بىر پۈلغا ئەرزىمەس قىلىۋەتتى. شۇڭا، ئۇ 1958 ـ يىلى فرانسىيىنىڭ ئۆلكە ـ شەھەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ھېلىھەم 1946 ـ يىلىدىكى ئىشلارنى سۆزلەۋاتقاندەك، بىز ئۇرۇشتىن كېيىن ئۆزىمىزنى ئەمدىلا ئوڭشاشقا باشلىدۇق، دېگەن گەپنى ئېغىزدىن چۈشۈرمىدى.

دې گولنىڭ ئۆزىنى دۇنيادا بىر دەپ ھېسابلىشى، فرانسىيە تۇشمۇتۇشتىن كىرىزىس ئىچىدە قالدى، فرانسىيىنى قۇتقۇزۇش زۆرۈر دەپ قارىشى ئۇنى «يا پۇتۇنلەي ماڭا بويسۇنۇڭلار، يا باشقا دانا تېپىۋېلىڭلار» دېگەن پوزىتسىيىدە تۇرۇشقا ئادەتلەنىدۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ فرانسىيىنى مەن سوراۋاتقانىكەنمەن، شۇڭا مېنىڭ چارەم بويىچە ئىش قىلىشىڭلار، يەنى ماڭا شەرتسىز بويسۇنۇشۇڭلار، ھەتتا مەندىن پروگراممىمۇ تەلەپ قىلماسلىقىڭلار كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۆز بېشىڭلارغا چىقىپ ھالاك بولىسىلەر دەپ قارىشىمۇ مۇشۇ ئىدىيىنىڭ تەسىرى ئىدى. ئەگەر كېيىنكىدەك ئەھۋال كۆرۈلسە، ئۇ كۆپ قېتىم ئېيتقاندەك، ئۆزىنىڭ قايغۇلۇق ۋە غېرىبلىق ھاياتىنى قايتىدىن باشلايتتى. ئۇنىڭ سايلامنى ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشىنى ھوقۇق تۇتۇشنىڭ ئېپى قىلىشىمۇ مۇشۇ توپ پوزىتسىيىنىڭ ئىنكاسى.

دې گولنىڭ ئارمىيىدىكى كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىشىلىك پەزىلىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ مۇھىملىقى دې گولنىڭ جەڭگاھلاردا ئېرىشكەن ئانچە مۇھىم ئەمەس شان ـ شەرىپىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دې گولنىڭ ئارمىيىدە خىزمەت ئۆتىشى ئۆزىنى ۋەتەن

بىلەن بىر گەۋدە قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئۇنىڭ بىرىگادا گېنېراللىق ئۇنۋانى باشتىن ـ ئاخىر ئىسپاتلانمىغان، ئۆزى فرانسىيىنىڭ شۇ چاغدىكى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىككى قېتىم سىرتتىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى بىر ئۆمۈر «گېنېرال» دې گول دەپ ئاتىدى. باشقىلارنىڭمۇ ئۇنى «زوڭتوڭ ئەپەندى» ئەمەس. «بىزنىڭ گېنېرال» دەپ ئاتىشىنى ئۈمىد قىلدى.

ئۇنىڭ بىر ھەربىي ئىكەنلىكى دې گولنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈرۈشتە، ئۆزى ئېتىقاندەك ئۇنىڭ ھوقۇق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشتا تولىمۇ مۇھىم ئىدى. چۈنكى، بۇلار سىياسىي جەھەتتىن قارىغاندا كەم بولسا بولمايتتى. سائىنت كىيىر ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان مەزگىلدە ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شارل دې گولنىڭ رەھبەرلىرى ئارىسىدا ئۇنى ياقتۇرمايدىغانلار كۆپ، ئۇنى ياقتۇرىدىغانلار ئاز ئىدى. دې گولنىڭ ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسى جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى قاراشلىرىدىن بىزار كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆسۈشىگە يول قويماسلىقتا جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇندى، ئەگەر ئۇ قولىقى يۇمشاق بولغان بولسا، ئۇ كاپىتان بولغاندىن كېيىن شۇنچە ئۇزاققىچە ئۆسەلمەي تۇرۇپ قالمىغان بولاتتى.

دې گول 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا كۆپ قىسىم ۋاقتىنى ئەسىرلەر لاگېرىدا ئۆتكۈزدى. بۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس. ئۇ بىرقانچە قېتىملىق قىسقا جەڭدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن رېينائۇد ھۆكۈمىتىگە خىزمەتكە ئەۋەتىلدى. بۇ بىرنەچچە قېتىملىق جەڭدىكى غەلىبە ئەگەر فرانسىيە ئارمىيىسى ۋە دۆلەت بالايىئاپەت گىردابىغا بېرىپ قالمىغان بولسا، دې گولنىڭ زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ قېتىمقى بالايىئاپەت دې گولغا تارىخىي پۇرسەت يارىتىپ بەردى. يەنە كېلىپ، ئۇ ھۆكۈمەتتە قىسقا ۋاقىت خىزمەت قىلغاچقا، ئاز ـ تولا سالاھىيەتكە ئىگە بولدى. ئەكسىچە، ئۇرۇش ۋاقتىدا لوندوندا

www.uyghurkitap.com

تۇرىۋەرگەن بولسا، پىكىر قىلىش ھوقۇقى بولمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇ 1940 ـ يىلى لائون مونكىلىن جېڭىدە ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ھەربىيگە مۇناسىپ نام بىلەن تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالالمىغان بولاتتى، ھەرقانچە بولسا بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇنتۇغىلى چوقۇنۇپ قويۇشى، ئۇنى يىراقنى كۆرىدىغان پاراسەتلىك ئادەم ئىدى، باشلىقىغا فرانسىيىدە ماشىنىلاشقان قىسىم بەرپا قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنىدى، دەپ قويۇشى بىلەن ئىش تامام بولاتتى، خالاس.

ئۇ بىر يازغۇچى سۈپىتى بىلەنلا 1939 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ھەربىي سالاھىيىتى بىلەن ئېرىشكەن شان ـ شەرىپىدىن يۇقىرى ئابرۇيغا ئېرىشىشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. لېكىن، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ قارىشىدا «شەمشەر» دې گولنىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى ئەڭ مۇھىم ئەسىرى ھېسابلىناتتى؛ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى ئىدى. لېكىن، «شەمشەر» نىڭ مۇھىم ھېسابلىنىشى ئۇنىڭ قىممىتى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن بىر پۇبلىستىك ۋە ئەدەبىي ئەسەر بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىدىنمۇ ياكى ئاپتورنىڭ ئۆز كىتابىدا شەرھلىگەن پرىنسىپلارنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغانلىقىدىنمۇ؟ بەزى جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، «شەمشەر» كىشىنى قانائەتلەندۈرىدىغان ئەسەر ئەمەس، چۈنكى بۇ ئەسەر ئاپتورنىڭ 20 ـ يىللاردا سۆزلىگەن ئۈچ نۇتقىنى تۈزىتىپ تولۇقلاش ئاساسىدا يېزىلغان، بۇ ئەسەردە نۇرغۇن تارىخىي كىتابلاردىن نەقىللەر كەلتۈرۈلگەن، لېكىن بۇ تارىخىي ئىبارىلەر ئەسەردىكى يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان ئىدىيىسىنى يورۇتۇپ بېرەلمىگەن. ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبى روشەن، تىلى راۋان. ئەسەرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى «مىجەز ـ خاراكتېر توغرىسىدا» ۋە «ئىناۋەت توغرىسىدا» دېگەن ئىككى باب 70 ـ يىللاردا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بەكرەك قوزغىدى. بۇ ئىككى پارچە ماقالىدە دې گولنىڭ رەھبەرلىك پەلسەپىسى مۇپەسسەل

ئىپادىلەپ بېرىلگەن. دې گولنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن چاغدىكى ھەرىكەتلىرى بۇ پەلسەپىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى. لېكىن، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، روشەنكى، ئاپتور ئۆز ئەسىرىنى ئەمەلىي ئېيتقاندا، روشەنكى، ئاپتور ئۆز ئەسىرىنى ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق تاماملاپ، ئەسەرگە يېڭى مەزمۇن بەخش ئەتكەن. شۇڭا، 25 يىلغىچە ئوقۇرمەنلىرى چىقمىغان بۇ كىتاب 1959 ـ يىلىغا كەلگەندە كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان.

دەسلەپكى يىللاردىكى بىرقانچە ئەسەر ئارقىلىق ئېرىشكەن شان ـ شەرەپتىن ئېيتقاندا، دې گول كىشىلەرنى جەلپ قىلىدىغان، تىلغا ئۇستا تارىخشۇناس، ئىجادىي قاراش ۋە ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ، لېكىن دې گولنىڭ ھەقىقىي بۈيۈك ئەسىرى ئۇنىڭ «ئىلتىجا»، «ئىتتىپاقلىق» ۋە «قۇتقۇزۇش» تىن ئىبارەت ئۈچ تومدىن تۈزۈلگەن ئۇرۇش ئەسلىمىلىرىدۇر. دې گول بۇ كىتابلارنى ھاكىمىيەت سىرتىدا تۇرغان چاغلاردا زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يېزىپ چىققان. كىتابتىكى بىر نۇقسان، دې گول ئاۋۋال بەزى پاكىتلارنى تاللاپ، ئاندىن ئۇلارنى ئۆزىگە پايدىلىق تەرەپتىن ئىزاھلىغان. بۇغۇ ئەسلىمە يازىدىغانلاردىكى ئورتاق ئىللەت، لېكىن دې گولدا بۇ خىل ئىللەت تېخىمۇ ئېغىرراق بولغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دې گولغا ياققانلىقى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تارىخ ھېسابلانغان، دې گولنىڭ دۇنيا ئىستىراتېگىيىسى توغرىسىدا مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئۇنىڭ كىتابىدىكى بىر ئۆزگىچىلىك بولۇپ، بۇ دې گولنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولدۇرغان. لېكىن، كىتابخانىلارنىڭ سەمىگە سىڭىپ قويۇش زۆرۈركى، ئاپتور شېئىرىي تىللار بىلەن تەسۋىرلىگەن نۇرغۇن ئىشلار ــ مەسىلەن، ئۇرۇش ۋاقتىدا چېرچىل، روزۋېلتلار بىلەن بولغان تىنىمسىز توقۇنۇشلار ــ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىكى
www.uyghurkitap.com

مۇساپىپسەندىكى ئەرزىمەس كىچىك ئىشلاردۇر. دەر ھەقىقەت، بۇنى دې گولنىڭ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلغان ھەمدە ئەپسۇسلانغان.

كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ ئۇسلۇبىنى ماختىشىدۇ. بۇنداق ماختاش ئاساسىي جەھەتتىن توغرا. ئەسلىمە ھەقىقەتەن پاساھەتلىك تىل، يارقىن ئۇسلۇبتا يېزىلغان. مەسىلەن «ئىلتىجا» نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئاپتور فرانسىيىنى لىرىك شېئىرلاردىكىدەك يارقىن تىل بىلەن تەسۋىرلىگەن، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كاتتىۋاشلارنى، بولۇپمۇ چېرچىل بىلەن ستالىننى ئىنتايىن جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. بەزى كىشىلەر، جۈملىدىن زوڭتوڭ لېبرون توغرىسىدا يۇزەكىلا توختىلىپ: « بۇ دۆلەت رەھبىرىنىڭ ئىككى نەرسىسى كەم ئىدى: بىرى، ئۇنىڭ كاللىسى يوق ئىدى، يەنە بىرى، ئۇنىڭ دۆلىتى يوق ئىدى» دەپلا ئۆتۈپ كەتكەن.

ئۆز ئەسلىمىسىنىڭ 2 ـ قىسمى. يەنى «ئۈمىد ئەسلىمىسى»نى تاماملاشقا يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرالمىغانلىقى دې گولنىڭ ھاياتىدىكى ئۆكۈنۈشلۈك ئىش. بەزىلەر ئەسلىمىنىڭ نەشردىن چىققان قىسمى «ئۇرۇش ئەسلىمىسى»گە يەتمەيدۇ، دېيىشىدۇ. بۇنىڭغا ئادىل قاراش كېرەك. شۈبھىسىزكى، بوۋاي ئۆز ئەسىرىنى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى تاماملاشقا ئالدىرىغان بولسىمۇ، مۇرادىغا يېتەلمىگەن. لېكىن باشقا جەھەتلەردە، كېيىنكى ئەسلىمىلىرىنىڭ سۈپىتى بۇرۇنقىدىن ئېشىپ چۈشسە چۈشىدۇكى قېلىشمايدۇ، كېيىنكى ئەسلىمىلىرىنىڭ تىلى تېخىمۇ ئىخچام، ساز بولغان، سىياسىيونلارنىڭ ئوبرازى تولىمۇ جانلىق يارىتىلغان، جۈملىدىن، كېننېدى بىلەن ئېيزىنخاۋېر، ماك مىللان بىلەن ئادېنىنا ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئىنتايىن چىنلىق بىلەن سۈرەتلەنگەن. دې گولنىڭ بۇ ئەسلىمىسىنىڭ 1 ـ تومى «گۈللىنىش»نىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئۆزى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تۆت يىلدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر بايان قىلىنغان، لېكىن (مەغلۇبىيەتلەر تىلغا ئېلىنمىغان) بولۇپ، بۇنىڭدا ئىپادىلىگەن

تەكەببۇرلۇق ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھەرقانداق ئەسىرىدىكىدىن ئېشىپ چۈشكەن.

گېنېرال ئەسلىدە ئەسلىمىسىنىڭ 2 ـ قىسمىنى تامامىلاشقا ئالتە يىل كېتەر دەپ مۆلچەرلىگەن، لېكىن ئۇ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىققا كىرىشكەندە، ئىش خېلىلا تېز يۈرۈشۈپ كەتكەن، ناۋادا ئۇ 1966 ـ يىلىدىكى 1 ـ يەتتە يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندا چېكىنگەن بولسا، بۇ ئەسەرنى تاماملىغان بولار ئىدى. ئۇنداقتا ئۇ ئاخىرقى بىرنەچچە يىللىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مەزگىلىدە سادىر قىلغان ئالدىراقسانلىق ۋە مەغلۇبىيەتلەردىن ساقلانغان بولاتتى. ئۇنىڭ سىياسىيونغا خاس ئوبرازى تېخىمۇ تاكامۇللىشاتتى ھەمدە ئۆز ھاياتىنى بىر يارغۇچى سۈپىتىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرغان بولاتتى. شۇڭا ئېيتىمىزكى، ئۇنىڭ جاھىللىقى ۋە مەنمەنچىلىكى ئۇنىڭ تارىختىكى ئورنىغا نۇقسان يەتكۈزدى.

دې گوللىزم ئەپسانىسىنى دې گول ئۆزى ياراتقان. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بۇ ئەپسانىنى قوبۇل قىلىشنى خالايتتى ياكى قوبۇل قىلغانىدى، شۇڭا دې گوللىزم بىر ھەرىكەتكە ئايلانغانىدى. بۈگۈن بىز تارىخ نۇقتىسىدا تۇرۇپ، دې گولنىڭ بارلىق سۆزلىرى ۋە ئەسەرلىرىگە ئوبيېكتىپ ئۆلچەم بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭغا بۇرۇنقىسى بىلەن كېيىنكىسىنى سېلىشتۇرۇش پۇرسىتى بەردۇق. مانا بۇلار بىزنىڭ تارىختىكى ھەقىقىي ئۇلۇغ قەھرىمانىنى ئېنىق تونۇشىمىزغا تېخىمۇ پايدىلىقتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## دې گول يىلنامىسى

1890 ـ يىلى 22 ـ نويابىر لىللدا تۇغۇلغان.

1910 ـ يىلى ئۆكتەبىردە سايىنت كىيىر ھەربىي مەكتىپىگە كىرگەن.

1921 ـ يىلى ئاپرېل ئېفىننا ۋوندرلو بىلەن توي قىلغان.

1937 ـ يىلى پولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلۈپ، مېتىستىكى 507 ـ تانكا پولكتا پولك كوماندىرى بولغان.

1940 ـ يىلى ئىيۇندا رېينائۇد ھۆكۈمىتىدە دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى بولغان. 18 ـ ئىيۇن لوندوندا رادىئو نۇتقى سۆزلەپ، فرانسىيە خەلقىنى تەسلىم بولۇشقا قارشى تۇرۇپ، كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىرغان.

1943 ـ يىلى نويابىر «فرانسىيە مىللىي ئازادلىق كومىتېتى» نىڭ رەئىسى بولغان .

1945 ـ يىلى نويابىر فرانسىيە پارلامېنتى تەرىپىدىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرلىقىغا سايلانغان.

1953 ـ يىلى مايدا سىياسىي سەھنىدىن چېكىنىپ، كولومبېغا قايتىپ پىنھان تۇرمۇش كەچۈرگەن.

1958 ـ يىلى 5 ـ جۇمھۇرىيەتنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان.

1963 ـ يىلى ئىيۇل شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىغان.

1965 ـ يىلى دېكابىر فرانسىيە زۇڭتۇڭلۇقىغا قايتا سايلانغان.
1966 ـ يىلى فېۋرال فرانسىيىنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ھەربىي ئىشلار بىر پۈتۈن گەۋدىسىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكارلىغان.
1970 ـ يىلى 9 ـ نويابىر ۋاپات بولغان.

[General Information]
书名=法国的尊严—戴高乐　维吾尔文
SS号=40256061